ئەزمەت

# مۇستەقىللىق كۈرىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

پۈتۈن تارىخىمىز بۇيىچە ئاللاھ يولىدا ئانا
ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىنىڭ
مۇستەقىللىقى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان
شەھىدلەرنىڭ مۇبارەك روھلىرىغا
بېغىشلايمەن.

ئەزىمەت

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................................ 1
ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقنى كۆز ياشلىرى قولــغا
كەلتۈرەلمەيدۇ ........................................ 7
ئەڭ مۇھىم مەسىلــە مىللەتنىڭ سالامــەتلىگىنـــى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش ........................................ 17
شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىق يولىدىكى دەۋرى
بۆلگۈچ ئىنقىلاپ ـ بارىن ئىنقىلاۋى ........................ 58
جۇڭگولۇقلار ۋە بىز ........................................ 85
پايدىلىق خەلقارا شارائىت ........................................ 91
سىياسى كىرزىس ئىچىدىكى جۇڭگو ........................ 99
ھەر سۆيگۈنىڭ بىر بەدىلى بار ........................ 110
شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىيەت يولىدىكى
ئۈلگىسى چېچەنىستان ... 120
ھەممىدىن مۇھىم مىللى ۋەزىپە ـ ئىتتىپاقلىق ....... 140
بىردىن ـ بىر چارە جىھاد ........................ 183
خاتىمە ........................................ 223

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە

ۋەتەن، مىللەت بىر - بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان ئامىللاردۇر. ۋەتەنسىز مىللەتنى، مىللەتسىز دۆلەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. تارىختا دۆلەتنى قۇرۇشقا قادىر بولالمىغان مىللەتلەر يوق بولۇشقا يۈز تۇتتى. تارىخ سەھىپىلىرىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاندى. يوق بولغان مىللەتلەرنىڭ ۋەتىنىنى ئۇ يەردە دۆلەت قۇرۇشقا قابىلىيەتلىك بولغان مىللەتلەر ئۆزلىرىگە ۋەتەن قىلدى...

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا، ئوسمانلى قاتارلىق بۈيۈك ئىمپېرىيەلەر ياۋرۇپا، ئاسىيا، ئافرىقا، ئامېرىكا، ئاۋىستىرالىيە قىتئەلىرىدە مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى بەردى . بىرمۇنچە مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللى دۆلىتىنى قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى . بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا بىرمۇ ئەرەپ دۆلىتى يوق ئىدى. بۈگۈن 20 دىن ئارتۇق ئەرەپ دۆلىتى بار. 91 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تارقىلىشى بىلەن بۇ كومۇنىزىم ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىچىدىن 15 مىللى دۆلەت ئوتتۇرىغا چىقتى. 90 - يىلدىن بۇرۇن تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىر دۆلەت بار ئىدى. ھازىر

قىبرىسنى قوشقاندا تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان 7 دۆلەت بار.

چىخىسلوۋاكىيەدە چىخ بىلەن سلوۋاكلار دېموكراتىك ئۇسۇل ئارقىلىق بىر- بىرى بىلەن كېلىشىپ ئىككى مىللى دۆلەتكە ئايرىلدى. بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ بۈگۈنگىچە 140 تىن ئارتۇق دۆلەت يېڭىدىن مۇستەقىل بولدى. بۈگۈن مۇستەملىكچىلىك سىياسىتىنى جاھىللىق بىلەن يۈرگۈزۈۋاتقان، كوممۇنىزىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغانى جۇڭگولا قالدى. شەرقىي تۈركىستان ۋە تىبەت ئۇزۇن تارىختىن بىرى مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ ياشىغان، جۇڭگوغا خوشنا بولۇپ ياشىغان بۇ دۆلەتلەر ئاجىزلىغان يېقىنقى تارىخلاردا جۇڭگو تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئەينى تارىختا رۇسلارنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغان غەربىي تۈركىستان بۈگۈن قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئۆزبەكىستان، تۈركمەنىستان قاتارلىق 5 مۇستەقىل دۆلەت سۈپىتى بىلەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ شەرەپلىك ئەزالىرى بولدى. بۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇستەقىللىقى جۇڭگو تەرىپىدىنمۇ ئېتىراپ قىلىندى. ئەمما شەرقىي تۈركىستان بولسا پەقەت جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا، بۈگۈنكى دۇنيادا ھېچ بىر مىللەت كۆرمىگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زۇلۇم، مىللى كەمسىتىش ۋە مىللى قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. دۇنيانىڭ سىياسى تارىخىي شۇنى ئىسپاتلىماقتىكى؛ دۆلەتسىز مىللەت، ياكى دۆلەت قۇرۇشقا قابىلىيىتى يەتمىگەن مىللەت يەر يۈزىدىن يوق بولۇپ كىتىدۇ. نەسلى تۈگەيدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەتىنى باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن ئىگەللىنىدۇ. ئۇ ۋەتەننىڭ ئىسمى مۇستەملىكچى مىللەتلەر تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىدۇ. ئۇ زېمىننىڭ ئەسلى ئىگىسى بولغان خەلقنىڭ بۇ زېمىنى ئۈستىدىكى تارىخ ئىزلىرى ئۆچۈرۈلىدۇ. يوق قىلىنىدۇ. بۇخىل مىساللار تارىختا كۆپ ئۇچرايدۇ. 21 ــ ئەسىرنىڭ بۇسۇغىسىغا كىلىۋاتقان ئىنسانىيەت دۇنياسى ، بۈگۈن ئەڭ يۈكسەك بىلىم ۋە تېخنىكا، ئەڭ كۈچلۈك كاپىتال ۋە قۇرال ـ ياراققا ئىگە بولۇشقا قارىماي ئەڭ قىممەتكە ئىگە بولىۋاتقان خەلقارالىق مەسىلە، ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىسىدۇر. مۇشۇنداق بىر مەدەنى دۇنيادا ئاسيانىڭ مەركىزىدە پىلانلىق، سىستىمىلىق تۈردە نەسلى قۇرۇتىلىۋاتقان بىر خەلق بار. بۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىدۇر.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى ھون ئىمپىرىيەسىنى، كۆك تۈرك ئىمپىرىيەسىنى، ئۇرخۇن ئۇيغۇر ئىمپىرىيەسىنى، قارا خانىلار ئىمپىرىيەسىنى، سەئىدىيە خانلىقى ئىمپىرىيەسىنى قۇرغان پارلاق ئۆتمۈشكە ئىگە

قەھرىمان ۋە مەدەنىيەتلىك بىر نەسلىنىڭ ئەۋلاتلىرىدۇر. ۋەتىنىنى جۇڭگولۇقلارغا تارتقۇزۇپ قويۇشتىن باشقا ھېچ بىر گۇناھى بولمىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇستەملىكە ھاياتىدا ئۈزۈن يىل داۋام قىلغان مىللى ھاقارەت، خارلىنىش، ئاچلىق ۋە يوقسۇللۇقتىن كېيىن، يېقىنقى 50 يىل ئىچىدە ئاستا - ئاستا ئۆز ۋەتىنىدە ئاز سانلىق ھالغا چۈشۈپ قېلىشى، ئۆز ۋەتىنىدە ھېچ ھەق - ھوقۇق، ئىنتىۋارىنىڭ يوقلىقى جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ئىنسان قاتارىدا كۆرۈلمەسلىكى خەلقىمىزنىڭ سەبرى - تاقىتىنى چېكىگە يەتكۈزگەن ئىدى. ماۋنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن جۇڭگونى كۆچەيتىش ئىرادىسىگە كەلگەن دىڭ شاۋپىڭ ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ خام ئەشياسىغا تارىختا ھېچ كۆرۈلمىگەن بىر ئىشتىھا بىلەن ھوجۇم باشلىدى. جۇڭگو كۆچمەنلىرى سەلكەبى، كەلكۈن كەبى ئېقىپ كەلمەكتە. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ پۈتۈن بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرى بەس - بەس بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىنماقتا. تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىنىڭ ئېكىلوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقى قورقۇنۇچلۇق دەرىجىدە بۇزۇلماقتا. مۇنبەت يايلاقلار بۇزۇلۇپ كۆچمەن جۇڭگولۇقلارغا بۆلۈپ بېرىلگەچكە چارۋىچىلىق بىلەن ھايات كۆچۈرۈپ كەلگەن قازاق، قىرغىز ۋە مۇڭغۇل خەلقىنىڭ ئۆلۈمىدىن باشقا تاللايدىغان يولى قالمىدى. سۈمەنبەلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىڭتۈەن دەپ ئاتالغان كۆچمەنلەر يەرلەشكەن يېڭى شەھەر، يېڭى يېزىلارغا ئىقتىلغىنى ئۆچۈن تارىختىن بېرى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېتىز- ئېرىقلىرى، يېزىلىرى چۆللىشىپ كەتمەكتە. ھايات مەنبەسى كېسىلمەكتە. 30 يىلدىن بېرى داۋاملىق پارتىلىغان ئاتوم بومبىسىنىڭ تەسىرىدىن بۇزۇلغان ھاۋا كىلىماتىنىڭ نەتىجىسىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ۋە باغۋەنچىلىك ئىشلىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان بىر ئەھۋالدا ئېدى. بۈگۈن چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، دېھقانچىلىق بىلەن كىرىم قىلىش ئىمكانىيىتى بولغان ياخشى يەرلەر يەنىلا يەرلىك خەلقنىڭ قولىدىن ئېلىنىپ جۇڭگولۇق كۆچمەنلەرگە بېرىلمەكتە. شەرقىي تۈركىستاندىكى تىجارەت دۆلەت ھىمايىسى ئاستىدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ قولىدا. تۇغۇت كونترولى باھانىسىدا مۇسۇلمان خوتۇن — قىزلىرىغا يۈرگۈزۈلىۋاتقان دۆلەت تېررورى ھەقىقىدىكى پاجىئەلەرنى سۆزلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. دىنىمىز، مەدەنىيىتىمىز، مىللى ئۆرپ- ئادىتىمىز داۋاملىق بېسىم ئاستىدا تۇتۇلماقتا. شەرقىي تۈركىستان تۈرمىلىرى ياش ئەۋلاتلىرىمىزبىلەن توشماقتا. مەدەنىي دۇنيا تەرىپىدىن « ئۈستى ئوچۇق تۈرمە » دەپ تەرىپلەنگەن شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىك خەلقنىڭ نەسلىنىڭ قۇرۇتۇلۇپ

تۈگىتىۋېتىلىشى جۇڭگو ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن پىلانلىق، سىستېمىلىق ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى خەلقىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تونۇپ يەتمەكتە، نەسلىمىزنىڭ يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن 21 ـ ئەسىرگە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي دۆلىتى بىلەن كىرىشتىن باشقا يول يوقلۇقىنىمۇ چۈشىنىپ يەتمەكتە. شەرقىي تۈركىستان خەلقى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ھاياتىنى، بەخت ـ سائادىتىنى، شان ـ شەرىپىنى، غورور ـ ئىپتىخارىنى ئەبەدىي كاپالەتكە ئىگەقىلىدىغان مىللىي دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشكە رازى بولغان بىر ئىرادىگە كەلمەكتە.

ئۆز كىشىگىن بولمىغان يەردە ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمىغىنىغا ئوخشاش، بۈگۈن ئۆلۈم گىردابىغا سۆرۈلۈپ كېتىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي مەۋجۇدىيىتىنى داۋام ئەتتۈرۈشنى مۇستەقىل بىر مىللىي دۆلەتسىز تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىسىق قېنى بىلەن يازىدىغان شۇئارىمىزشۇ؛

21 ـ ئەسىرنى ئازات ۋە مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان بىلەن قارشى ئالايلى!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىقنى كۆزياشلىرى قولغا كەلتۈرەلمەيدۇ

ئېزىز مۇبارەك ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان خىتاي ئاسارىتى ئاستىغا چۈشكەن پۈتۈن پاجىيەلىك تارىخىمىز بويىچە خەلقىمىز مىللەت سۈپىتىدە يوق بولۇپ كېتىش خەۋپىنى بۈگۈنكى كۈندىكىدەك جىددى ھېس قىلغان ئەمەس. پايانسىز چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈۋاتقان ئادەم قانداق سۇغا تەشنا بولغان بولسا، بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندا 7 ياشتىن 70 ياشقىچە بولغان بارلىق مەزلۇم خەلقىمىز ئازاتلىققا، مۇستەقىللىققا شۇنداق تەشنا بولماقتا. ۋەتەننى دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويۇپ ئەركىن، خاتىرجەم، باياشات ياشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىگىنى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئەڭ ئاددى بىر پادىچىسىمۇ بىلىپ يەتتى.

بىرمۇنچە مۆتىدىل زىيالىلىرىمىز، دىنى ئالىملىرىمىز، خىتاي كۈچلۈك دۆلەت، بىز ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ باشقا چىقىپ بولالمايمىز، ئازراق بولسىمۇ ھەقىقىمىزنى بەرسە، قان تۆكۈشمەي ئۇلار بىلەن بىللە ياشاپ ئۆتۈپ تۇرايلى. دىگەن پىكىردە ئىدى. ئۇززۇن يىللار بۇ پىكىرنىڭ تەسىرىدە قالغان بۇ موىيسىپىت ئاق كۆڭۈل، ئەمما ساددا ئاقساقاللىرىمىزمۇ بۈگۈن گەرچە بىز

خالساقمۇ، خىتايلارنىڭ بىز بىلەن بىللە بۇ ۋەتەندە ياشاشنى خالىمايدىغانلىقىنى، بۇ ۋەتەندە بىزنى تامامەن يوق قىلىپ، ئۆزىلا ياشاشتىن ئىبارەت قارا نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشماقتا.

ياشلىرىمىز ھەرخىل باھانىلەربىلەن خىتايلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلمەكتە، تۈرمىلەرگە تاشلانماقتا، شەرقىي تۈركىستاننى بىر دوزاققا ئايلاندۇرماقتا. خىتاي ھاكىمىيتى «قېنى ئەمدى قولۇڭدىن كەلسە ئوتتۇرىغا چىق» دەپ چىش - تىرنىقىغىچە قوراللىنىپ خەلقىمىزنى قىرىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەرمىنۇت تەييارتۇرماقتا.

بۇلۇپمۇ سوۋىت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، بىز بىلەن ئوخشاش دىن، ئوخشاش تىل، ئوخشاش ئۆرپ - ئادەتكە ئىگە قېرىنداش قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبەكىستان، تاجىكىستانلار مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، خىتاي ھاكىمىيتى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قىرىپ تاشلاپ، زېمىننى ئەبەدى داۋاگەرسىز قىلىپ ئۆزىنىڭ زېمىنى قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ ھەركەت قىلماقتا. دۇنيا جاما ئەتچىلىكىمۇ خىتايلارنىڭ بۇ قارا نىيىتىنى بىلىپ يەتمەكتە ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرىدىن تەشۋىشلەنمەكتە.

شەرقىي تۈركىستاندا ھېلىمۇ مىليونلىغان كىشى كۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



يېشى تۆكمەكتە، مىليونلىغان كىشى نامازلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن خۇدادىن دۇئا - تەلەپ قىلىشماقتا. خىتاي زۇلۇمىغا يىغلاپ - يىغلاپ كۆزلىرى كور بولۇپ كەتكەنلەر بار. خۇدادىن ئازاتلىقنى تىلەپ - تىلەپ ئاخىرى «خۇدايىم بىزنى بۇ كاپىرلاردىن قۇتقازمىدىڭ» دەپ ئاغرىنغانلارمۇ بار. بىز شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇسۇلمان خەلقىمىز، ھەممىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممەتلىرى. پەيغەمبىرىمىز، مۇسۇلمانلارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن دۇئا قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان. ئۆزقولىغا قىلىچ ئېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ جىھادىغا قوماندانلىق قىلغان. ئەمىلىيەتتە بىر مۇسۇلمان زۇلۇمدا قالغان بولسا، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا جاھات پەرىز قىلىنغان. ساھابىلار سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزدىن «جەننەت قەيەردە؟» دەپ سورىغاندا پەيغەمبىرىمىز قولىدىكى قىلىچنى كۆرستىپ «جەننەت بۇ قىلىچنىڭ سايىسىدا» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

خىتاينىڭ زۇلۇمىدىن قاخشاپ، يىغلاپ كۆزلىرى كوربولغانلار ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئەمەس، دۈشمەننىڭ كۆزىنى كورقىلىشنى ئويلاپ باقتىمۇ؟ ھەرۋاقىت نامازلىرىدا خۇدادىن ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىن قۇتۇلىشنى تىلىگەنلەر، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولىغا قورال ئېلىپ ئاندىن مۇسۇلمانلارغا ئازاتلىق ياراتقانلىقىنى

ئويلاپ باقتىمۇ؟ مەن بۇ سۇئاللارنى بەزىلەردىن سورىسام، ئۇلار «مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟» دەپ جاۋاپ بەردى. ئەگەر «مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى» دەيدىغان ئون نەپەر شەرقىي تۈركىستانلىق بىر يەرگە كېلىپ تەشكىللەنسە، ياكى يۈز، ياكى مىڭ، ياكى ئونمىڭ، ياكى يۈز مىڭ، ياكى بىر مىليۇن «مېنىڭ قولۇمدىن نېمە كېلەتتى» دەيدىغان شەرقىي تۈركىستانلىق بىر يەرگە، ياكى بىر تەشكىلات ئاستىغا جەم بولسا، ئۆزىنىڭ قانداق يېمىرىلمەس كۈچ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆردىمۇ؟ ئازاتلىقنى، مۇستەقىللىقنى، ئەركىنلىكنى كۆزياشلىرى بىلەن، دۇئا تەلەپلىرى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن ھېچ بىر خەلق يوق، بۇنداق مىسال تارىختا ھەم يوق. ۋەتەنىنىڭ ھەر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدا ئاققان كۆز ياشلىرىنى، ئاققان قانلىرىنى، دات - پەرياتلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن، بۇلاپ كېتىشكەن بايلىقلىرىمىزنى، ئاياق - ئاستى قىلىنغان ئىپپەت - نومۇسىمىزنى، خارلانغان مۇبارەك دىنىمىزنى، چەيلەنگەن شان - شەرىپىمىزنى، ھاقارەتلەنگەن مىللى غورورىمىزنى قوغداش ئۈچۈن قولىمىزغا قورال ئېلىپ بىزنى ئۆلتۈرۈشكە كەلگەن دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ئېتىشتىن باشقا تاللايدىغان يولىمىز يوق.

ئەگەر بىزگە يېقىنلىشىپ كەلگەن ئۆلۈم ئالدىدا سۈكۈت قىلىپ تۇرساق، پۈتۈن مىللەت ئۆلۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۆگەيمىز، نەسلىمىز تۆگەيدۇ، قەۋرىمىزگە كىلىپ دۇئاقىلىدىغان ئەۋلاتلىرىمىز قالمايدۇ. پۈتۈن تارىخىمىز بۇيۇنچە بۇ ۋەتەن زىمىندا سەلتەنەت قۇرغان، قانلىرى بىلەن قەھرىمانلىق داستانلىرى يازغان، شەھىت بولغان، ۋۇجۇدى بۇ زىمىننىڭ تۇپراقلىرىغا قۇشۇلۇپ كەتكەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ روھى ئالدىدا قارا يۈز بولىمىز، ياراتقان جانابى ئاللاھنىڭ ئالدىدىمۇ ئاسى بولۇپ كېتىمىز.

ئەگەر نەسلىمىز داۋام ئەتسۇن دىسەك قولىمىزغا قورال ئېلىشىمىز، تەشكىللىنىشىمىز، شاھادەت شەربىتى ئىچىشكە ئاللاھ ھۇزۇرىدا قەسەميات قىلىپ ئوتتۇرغا چىقىشىمىزغا توغرا كىلىدۇ.

ئۆلۈمنى كۆزىگە ئالغانلار ئۈچۈن قارشىمىزدىكى دۈشمەن كۈچىنىڭ قانچىلىك كۆپ ياكى ئاز بولۇشىنىڭ ئەھمىيتى يوق، قويىدەك جىم تۇرساق ھەممىمىز ئۆلىمىز، ئەگەر ئۆزىمىزنى قوغداشقا قورال ئالساق ئاز ئۆلىمىز، باللىرىمىز ئۆزۋەتىنىدە ئەركىن ئازادە، بەختىلىك ياشايدۇ. بىزنىڭ قەۋرىمىزگە كىلىپ قۇرئان ئوقۇيدىغان، دۇئا قىلىدىغان، بىزدىن غۇرۇرلىنىدىغان ئەۋلاتلىرىمىزبولىدۇ.

بىز ھەقىقەتەن ئاز ۋەئاجىز، ئەمما خىتايلار؛ بولارنىڭ ۋەتىنى ناھيتى كەڭ، بايلىقى مول، ئۆزى ئاز ۋە ئاجىز بولارغا بىر ئاز بولسىمۇ ھەق - ھوقوق

بىرەيلى، دەپ ئويلىدىمۇ؟ بىزنى ئادەم قاتارىدا كۆردىمۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا قانچە بىچارە بولۇپ تۇرغانسېرى، ئۇلار شۇنچە غالجىرلاشتى. بىزنى قۇرۇت - قوڭغۇز قاتارىدىمۇ كۆرمىدى. بىز ئازبولساقمۇ، قۇرالسىز بولساقمۇ، ئاجىز بولساقمۇ ۋەتەن بىزنىڭ. بىز كۈچىمىزنى ئانا ۋەتىنىمىزدىن ئالىمىز، ئاز بولغان، ئەمما ھەقلىق بولغان، بىر قوماندان ئاستىدا ئويۇل تاشتەك ئويۇشقان مىللەت ياكى قوۋمىلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن نەچچە قات كۆپ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان تەجرىبىلەر بار. بىز بىر مىليارت خىتاي مىللىتى بىلەن ئۇرۇشمايمىز، بىزنى مىللەت سۈپىتىدە يوق قىلىۋېتىشنى پىلانلىق، سېستىملىق كۈن تەرتىپكە ئالغان خىتاي ھاكىمىيەت كۈچلىرى بىلەن ئۇرۇشىمىز. بىز بىر مەزگىل كۆپ چىقىم تارتىشىمىز مۇمكىن، كۆپ بەدەل بېرىشىمىزمۇمكىن، بۇ چىقىم، بۇ بەدەل، ۋەتىنىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ ئەبەدى چىقىم تارتماسلىقىنىڭ، بەدەل بەرمەسلىكىنىڭ كاپالىتى بولۇپ قالىدۇ.

بىرغايە ئۈچۈن بىرلەشكەن ۋە ئۇ غايە ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىنسانلاردىن تەشكىل تاپقان كۈچ گەرچە كىچىك بولسىمۇ، ئاجىز بولسىمۇ، كۈچلۈك دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كېلىدۇ، بۇنداق مىساللارتارىختا كۆپ ئۇچرايدۇ. مۇسۇلمانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تەرىپىدىن ياخشى بىلىنگەن مەشھۇر بەدىر ئۇرۇشى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالىدۇر: مەككە ـ مەدىنە ئارىسىدىكى بەدىر چۆلىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قوماندانلىقىدىكى ساھابىلار 305 كىشى ئىدى. كۆپىنچىلىرىنىڭ مىنىدىغان ئات ياكى تۆگىلىرى يوق ئىدى. ئوقيا قىلىچلىرى يېتەرسىز ئىدى. ئەبۇجەھىل قوماندانلىقىدىكى مەككىدىن كەلگەن مۇشرىكلار 950 كىشى بولۇپ، ھەممىسى سەرخىل ئات ۋە تۆگىلەرگە مىنگەن ئىدى. قوللىرىدىكى قوراللىرى سەرخىل ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشەنگەن ئاللاھى ۋە پەيغەمبىرى بارئىدى. ئۇلاردا ئۇرۇشتا ئۆلسەك شەھىت بولىمىز، ئاللاھنىڭ جەننىتىگە كىرىمىز، ھايات قالساق غازى دىگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولىمىز، دىگەن ئېتىقاتى بارئىدى. بىرمۇ مۇسۇلماندا ئۆلۈمدىن قورقۇش دىگەن تۇيغۇ يوق ئىدى. مۇشرىكلار مەغرۇر ۋە ھاكاۋۇرئىدى. مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ تىرىك قالغانلارنى ئەسىرگە ئېلىپ مەككىگە ھەيدەپ كىرىپ سازايى قىلىش ھاۋايى ـ ھەۋىسىدە كۆرەڭلەشمەكتە ئىدى. ئۇرۇش باشلىنىپ بىرنەچچەمىنۇت مۇسۇلمانلار ھەقىقەتەن ئېغىر ۋەزىيەتتە قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ كىتىپ قالسا مەغلۇبىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالىغىلى بولمايتتى. مۇسۇل مانلارسۆيۈملىك پەيغەمبەرنىڭ قوماندانلىقىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلار

بىلەن قىلىچ ئوينىتىۋاتاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ غەلبىسى ئۈچۈن جانابى ئاللاھدىن ئارقا ـ ئارقىدىن دۇئا ـ تەلەپ قىلدى. « يارەببىم، شۇ بىر ئوچۇم مۇسۇلمانلار ھالاك بولۇپ كەتسە، يەر يۈزىدە ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ» دەپ يالۋۇرماقتا ئىدى. ئۇرۇشۇۋاتقان ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرلىرىنى ياخشى تونۇيتتى. بەزىلىرىنىڭ دادىسى مۇسۇلمان تەرەپتە ئۇرىشىۋاتقان بولسا، بالىسى كاپىر تەرەپتە ئۇرۇشۇۋاتاتتى. بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بىر ئوغۇل مۇسۇلمان تەرەپتە بولسا، يەنە بىرسى كاپىرلارتەرەپتە ئىدى. ساھابىلارنىڭ ئاجايىپ قەھرىمانلىقلىرى نەتىجىسىدە، ئەسكىرى كۈچ جەھەتتە ئۈچ قات ئۈستۈن بولغان مۇشرىكلار مەغلۇپ بولدى. ساھابىلەردىن 14 ئى شەھىد بولدى. مۇشرىكلاردىن قوماندانى ئەبۇجەھىل قاتارلىق 70 نەپەر دۈشمەن ئۆلتۈرۈلدى. ۋە 70 نەپىرى ئەسىر ئېلىندى. مۇسۇلمانلار بۇ ئۇرۇشتا كۆپ مىقداردا غەنىمەتلەر ئالدى. بەدىر ئۇرۇشىنىڭ غالىبىيىتى نەتىجىسىدە بۈگۈن ئىسلامىيەت دۇنيانىڭ ھەممە قىتئەسىگە تارقىلىشقا ۋەسىلە بولدى. بۈگۈن مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزدىن شەرەپلەنگەن ئىكەنمىز، پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىپ ئىسلامىيەتنى قوغداش ئۈچۈن بەدىردە جەڭگە كىرگەن، شۇ 305 نەپەر ساھابىغا ۋىجدانى بۇرچىمىزنى ھىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلماي تۇرال مايمىز.

مۇبادا بەدىر تۇرۇشىدا 305 نەپەر ساھابە ئىچىدە بىرنەچچىسىنىڭ ئىمانى سۇس بولۇپ، قورقۇنچاقلىق قىلىپ چېكىنگەن بولسا، ساھابىلەرنىڭ سېپى بۇزۇلغان بولسا قانداق بولاتتى؟ بۇنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشنىڭ ئۆزى بىر قورقۇنۇچتۇر.

دېمەك، بىرغايە ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ئىنسان ئۇ غايىگە نىسبەتەن كۈچلۈك ئېتىقات بولۇشى لازىم. بۇ غايە ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن ئىنسانلاردا شەخسى غەرەز بولىدىكەن، غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولىدۇ. بۇ بۆلۈنۈش بىرمۇنچە ياخشى نىيەتلىك ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىنى جاراھەتلەندۈرىدۇ. بۆلۈنۈش مەغلۇبىيەتنىڭ سىگنالىدۇر. بىرغايە ئۈچۈن توپلانغان بىرتوپ ئىنسانىنىڭ ئۆز ئىچىدىن بۇزۇلغانلىقىنى ھىس قىلغان دۈشمەن، تەبىئىكى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى شەخسى غەرەزلىرى بولغان، ئىرادىسى ئاجىز ئادەملەرنى بەزى مەنپەئەتلەرنى ۋەدە قىلىش بىلەن ئۆزى تەرەپكە تارتىدۇ. سېتىلىش ۋە خائىنلىق ئەنە شۇنداق باشلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىنقىلاپتا داۋاملىق تۈردە پارچىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم، سەپنى بۇزۇش نىيىتىدە بولغانلار سېزىلىشى ھامان، تېخى سەپ بۇزۇلماستىن تۇرۇپ، ئۇ بۇزغۇنچىنى يوق قىلىش لازىم. بۇ پرىنسىپ مىللىي

بىرلىكنى قوغداش ئۈچۈن، غايىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، غەلبىنى تەمىن ئېتىش ئۈچۈن بەك مۇھىم. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن يولغاچىققان ھەربىر ۋەتەنپەرۋەر، ھەربىر مۇجاھىد مىللى بىرلىكنى بۇزغۇنچىلاردىن قوغداشتا ھەردايىم ھۇشيار بۇلۇشى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئەڭ مۇھىم مەسىلە مىللەتنىڭ سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش

بىر مىللەتنى بىر گەۋدە دەپ تەسەۋۋۇر قىلساق، بەدىنىمىزنىڭ بىر يېرىدە جاراھەت ياكى ئاغرىق بولسا پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز راھەتسىز بولىدۇ، پىكىر قىلىشىمىزدىن باشلاپ ھەر قانداق ئۇششاق ھەرىكەتلىرىمىزگىچە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا كېسەل بولغان ئادەملەرنىڭ داۋالىنىشقا ئالدىرىشىمۇ، سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئاغرىقتىن قۇتۇلۇپ نورمال راھەت ھاياتقا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر.

شەرقىي تۈركىستان 1878 - يىلى زوزۇڭتاڭ تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغاندىن باشلاپ ۋە 1883 - يىلى مەنچىڭ خاندانلىقى تەرىپىدىن ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسمى بىز ئۈچۈن ھاقارەتلىك بولغان. «شىنجاڭ» قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، پايانسىز ئانا تۇپراقىمىز جۇڭگو خەرىتىلىرى ئىچىگە ئېلىنغاندىن باشلاپ 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتتى. گەرچە خەلقىمىز قۇل بولۇشقا بىر كۈنمۇ رازى بولمىدى. مىللىي مۇجادىلىنى توختاتمىدى. بۇنىڭ مۇناسىۋىتىدە 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىككى قېتىم مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان» دۆلىتى قۇردى. بىراق، دۈشمەن

خەلقىمىزنى باستۇرۇپلا قالماي يەنە بىر تەرەپتىن ئارىمىزدىن خائىن تەربىيەلەش ۋە ئىشلىتىشتە ھېچ بىر مۇستەملىكىچى مىللەتتە بولمىغان ھىلە۔ مىكرىلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئىگە بولدى. بولۇپمۇ 50 ـ يىلدىن بېرى كوممۇنىست خىتايلار خائىن ـ مۇناپىقلارنىڭ قولى بىلەن خەلقىمىز ئۈستىدىن قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشتە تارىختىي موزبىلاردا قويۇپ كېلەچەك دۇنياغا ئىبرەت قىلغۇدەك رەزىل سىياسەتلەرنى قوللاندى.

بىز ئۆزىمىزدىن مىڭ ھەسسە كۈچلۈك بولغان دۈشمەن كۈچلىرى بىلەن مۇجادىلەقىلىپ باشقا چىقىشىمىز ئۈچۈن، ۋۇجۇدىمىزدىكى جاراھەت بولغان ۋەتەن خائىنلىرى، مىللى مۇناپىقلارنى قەتئى بىر شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. بۇ خائىن ـ مۇناپىقلار مىللي روھىمىزدىكى كىر، مىللى ئەخلاقىمىزدىكى نوقسانلاردۇر.

بىزنىڭ مىللى ئەخلاقىمىزغا ۋەتەن خائىنلىرى مىللەت مۇناپىقلىرى ئارقىلىق سىڭدۈرۈلگەن ئەڭ ھاقارەتلىك كېسەلىمىز ــ روھىمىزنى چىرمىغان قۇللۇق زەنجىردۇر. قۇللۇق روھىدىن كىلىۋاتقان، ئۆز تەقدىرىنىڭ ئاللىۋىتىگە بۇيۇن ئىگىش ۋە ياكى چاتىغى بولماسلىق مىللى بىرلىكنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان باش ـ باشتاقلىق، ھەركىم ئۆزىنى ئەقىللىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆزىنى توغرا ساناشتىن كېلىپ چىققان ئىتپاقسىزلىق، ھېچ سەۋەپسىز، كۆرەلمەسلىكتىن مەنبە ئالغان ئۆز- ئارا ئۆچمەنلىك تۇيغىسى، قىسقىسى مىللى كىملىگىمىز ۋە مىللى تەقدىرىمىزنىڭ ئەڭ خەتەرلىك نوقتىلارغا بېرىپ يېتىۋاتقانلىغىنى بىلىپ تۇرۇپ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ شان - شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار، تۈرمىلەردە ئازاپ چېكىۋاتقانلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئانا ۋەتىنىنىڭ ئۆزىگە يۈكلىگەن تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغانلىقىدىن ۋىجدان ئازاۋى ھېس قىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، يەتەركى مەن سەبرى قىلىپ تۇراي، مەن ئۆلمەي سالامەت تۇرۇپ تۇراي، بەلكىم بىر كۈنى يۇرتىمىز، تۇيۇقسىز ئازاتلىققا ئېرىشىپ قالار دىگەن خام خىياللار بىلەن ئۆز- ئۆزىنى ئالداپ كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئادەملەر بار. بۇلارنىڭ كۆپ-ساندىكىسى ئەتراپتا ئابرويى بار، مىللەتنىڭ كېلەچىگى ئۈچۈن باشقىلار تەرىپىدىن يول كۆرسەتكۈچى دەپ قارالغان ئادەملەردۇر. ئەمما ئۇلار ۋەتەنگە جىددى خىزمەت قىلماسلىقتىكى ۋىجدان سوتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، مىللى قىسمىتىمىزنىڭ تەقدىرىنى خۇداغا ئارتىپ قويۇدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن تارىختىكى تەلەيسىزلىكلەرنىڭ جاۋاپكارلىقىنى ئەجداتلىرىمىزغا يۈكلەپ قويۇدۇ. ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەسلىكىنى بولسا دۈشمەننىڭ كۈچلۈك

ۋە رەھىمسىزلىگىنى سەۋەپ كۆرسىتىدۇ.

بۇسەۋەپلەرنىڭ ئارقىسىدا ئۆلارنىڭ ئۆزلىرى ئېتراپ قىلىشتىن ئىزا تارتىدىغان ئۆلۈمدىن قورقۇش تۇيغۇسى بار، بۇ، قورقۇش تۇيغۇسىنىڭ ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھىس قىلمايدىغان، غەيرى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سىھرى كۈچ بىلەن ئۇلارنىڭ روھىغا سىڭىنغان قۇللۇق زەنجىرى بار. مىليۇنلىغان ياخشى ئادەملەرنىڭ روھى سەھىپىسىدە بولغىنى ئۈچۈن چارىسىز ھالدا قول قوشتۇرۇپ تۇرۇشماقتا. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن مىللەت خائىنلىرى، ۋەتەن ساتقۇنلىرى، ۋەتەن ـ مىللەتكە ھاقارەت قىلىشتا، دۈشمەنگە ساتقۇنلۇق قىلىشتا، دۇنيا رىكورتىنى بۇزۇپ تاشلىماقتا.

ۋەتىنى غەيرى مىللەت تەرىپىدىن ئىشغال ئېتىلگەندە يات ھاكىمىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان ئادەملەر بىرمۇنچە دۆلەتلەردە بولغان ھادىسە، مەسىلەن ؛ ئىككىنجى دۇنيا ئۇرۇشىدا گىرمانلار فىرانسىيەنى بېسىۋالغاندا ياۋرۇپانىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك، ئەڭ غۇرۇرلۇق فىرانسۇز مىللىتى ئىچىدىن گىرمانلارغا خىزمەت قىلغانلار بولغان، ئەينى زاماندا ياپۇنلار جۇڭگونى بېسىۋالغاندا ياپۇنلارغا خىزمەت قىلغان بىرمۇنچە جۇڭگولۇقلار بولغان. ئەمما بۇلارنىڭ بىر قىسمى جان بېقىش ئۈچۈن دۈشمەنگە خىزمەت قىلغان بولسا، بىرقىسمى، دۆلەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارىسى



ۋە مىللەتنى دۈشمەننىڭ تىخىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىشتىن قوغداپ قېلىش مەخسىتىدە خىزمەت قىلغان، بىرقىسمى دۈشمەنگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ۋەتەنگە، مىللەتكە ئېغىر زىيانلارنى سالغان ۋە تارىختا ۋەتەن خائىنى دېگەن نام بىلەن لەنەتلەنگەن. ئەمما بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ خائىنلارغا ئوخشاش، ئۆزمىللىتىنىڭ پىسخىلوگىيسى قانداقلىقىنى، قانداق قىلىپ بۇمىللەتنىڭ مىللى غۇرۇرى ۋە مىللى ئىرادىسىنى تارمارقىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇ مىللەتنى قانداق قىلىپ ياۋاشلاتقىلى، قانداق قىلىپ يوقاتقىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە دۈشمەن ھاكىمىيىتىگە ئەقىل ـ جاسارەت بەرگەن، ھەتتا ئۆزمىللىتىگە بولغان مىللى قىرغىنلىقىنى ۋە ئىقتىسادى تالان ـ تاراجىنى تېزلىتىش ھەققىدە بېيجىنگە خەت يېزىپ يوللىغانغا ئوخشاش مىساللارنى دۇنيانىڭ ھېچ بىر يېرىدە تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلار، ئۆز مىللىتىنىڭ نەسلى قۇرۇپ تۈگىگەندە خىتايلارنىڭ خائىنلارغىمۇ ھېچ ئېھتىياجى قالمايدىغانلىقىنى ئەقلىگە كەلتۈرگىنى يوق.

بىز ئۇيغۇرلاردا ۋەتەن ھەققىدە گەپ بولغاندا ۋەتەننى ئانىغا ئوخشىتىدىغان ئادەت بار. شائىرلىرىمىز شېئىرلىرىدا «ئانا ۋەتەن» دەپ يازىدۇ. ناخشىچىلىرىمىز ناخشىلىرىدا «ئانا ۋەتەن» دەپ توۋلايدۇ. ھەممەيلەن «ئانا ۋەتىنىمىز» دەيمىز. دېمەك ۋەتەن بىزنى تۇققان ئانىغا

ئوخشاش ئەزىز ۋە مۇبارەكتۇر. مۇبادا بىرەر يەردە ئۆز- ئارا جېدەل - ماجرابۇلۇپ قېلىپ، بىرسى يەنە بىرسىنى ئاناڭنى پاللان قىلاي ، دېسە، ئانىسى ھاقارەتلەنگۈچى ئەگەر ئاچچىقى يامان بىرسى بولسا، بۇ مەيداندا ئۆلۈم چىقىدۇ، ئەگەر ھاقارەتكە ئۇچرىغۇچى ئاجىز ۋە كۈچسىز بولغاندىمۇ بۇ ئاھانەتنى ئىشتكەن ھامان ئۇرسۇن ياكى ئۇرۇلسۇن ئۆزىنى بىلەر- بىلمەس قارشى تەرەپنىڭ ياقىسغا يېپىشىدۇ. دىمەك، بىز ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئانىنىڭ شەرىپىنى قوغداش ئەڭ مۇقەددەس، جاندىنمۇ ئۇلۇغ بىر مەجبۇريەتتۇر. بۇ، مەجبۇريەت نەزىرىيەدە ئەمەس، ئۆرۈپ ئادەتلىرىمىزدە بىز بىلەن بىللە ياشماقتا. ۋەتىنىمىز بولسا، پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ ئانىسى، دۈشمەن بىزگە ئاناڭنى پاللان قىلاي، دەۋاتقىنى يوق، ئەمەلىيەتتەقىلىۋاتىدۇ، ئانىمىزنى ئاياق ئاستى قىلىۋاتىدۇ، دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ، خارلاۋاتىدۇ، ئىپپەت نامۇسىمىزنى ئاياق ئاستىدا چەيلاۋاتىدۇ، بىز مىليۇنلىغان ۋەتەن پەرزەندى ئاچچىق ۋە كۆزياشلىرىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ، كۆز ئالدىمىزدا، يۈرىگىمىزنى پارە- پارە قىلىدىغان بۇ پاجىيەنى كۆرۈپ تۇرۇپ، قولىمىزدىن ھېچ ئىشكەلمىگەنلىگى ئۈچۈن ھەركۈن چارىسىزلىك ئىچىدە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىۋاتىمىز. بۇنى ئازدەپ، ئارىمىزدىن بەزىلەر چىقىپ ئۆز ئانىسىنىڭ پۈت -

قولـلـرىنى چۆشەپ دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ. ئۆزلـىرى ئەقىلسىز تۇرۇۋغلۇق، پەقەت دۈشمەننىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ئانىسىنى قانداق ئاياق ـ ئاستى قىلىش ھەققىدە ئەقىل ئۆگۈتۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتىدۇ. ئەي مەزلۇم مىللەت، سىزنىڭ دۈشمەنگىزمۇ كۈچىڭىز يەتمەيدىكەن، سىزبىلەن بىللە بۇ ئانا ۋەتەندە تۇغۇلغان، ۋەتەنگە ۋە سىزگە تارىخىمىز بويىچە ھېچ كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئاھانەت ۋە ھاقارەتلەرنى كۆتەرگەن ئارىمىزدىكى شۇ بىر ئوچۇم ساتقىنلار غىمۇ كۈچىڭىز يەتمەمدۇ؟ ئارىڭىزدا ئۆلۈمدىن قورقىنى ئۈچۈن مىڭ ياشقا كىرگەن بىرەر ئادەم بارمۇ؟ خوجايىنى ئالدىدا غالجىر ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ سىزگە ھۇجۇم قىلىۋاتقان بۇ ئاسىيلارنى قوتراشتىن توختىتىش ئۈچۈن ئۆيىڭىزدە ئىشلىتىدىغان بىر پىچاقمۇ يوقمۇ؟ خائىنلار توخۇ يۈرەك، ئەڭ قورقۇنچاق ئەمما پۇرسەت پەرەس، شەخسىيەتچى، نام شۆھرەتكە ئەڭ ئامراق مەلئۇنلارنىڭ ئارىسىدىن چىقىدۇ. سىز ئۇلارنى تىللىسىڭىزمۇ، جامائەت ئالدىدا يۈز ئابرويىنى چۈشەرسىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ پەرۋايى پەلەك چۈنكى، سىز يامان كۆرگىنىڭىز ئۈچۈن، ئۇلار خوجايىندىن تېخىمۇ كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. راھەت ـ پاراغەتلىك ھاياتى تېخىمۇ مىللەتنىڭ قېنىغا مۇھتاج بولىدۇ. بۇ خائىنلارغا، بىر ۋەتەننى، بىر مىللەتنى، بىر كىچىك ماشىنىغا ياكى

بىرنەچچە يىللىق شەخسىي راھەتنى بەدىلىگە تىگىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش لازىم. بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئەڭ توغرا يولى، خائىنلارنى، بۇ ۋەتەندىن، بۇمىللەتتىن، بۇھاياتتىن ۋىدا ئەتتۈرۈش. ئۇلار گۆرگە كىرگەندىن كېيىن نە ۋەتەنگە، نە مىللەتكە زىيان سالالمايدۇ. دېمەك، ئەڭ زىيانسىز خائىن ـ ئۆلۈك خائىندۇر. تىرىك خائىنلار بولسا، ئۆلۈك خائىنلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ، ھېچ بولمىسا مىللەتكە ھايا بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. ئەمما، خائىن بەرى بىر خائىندۇر. يىلان پوستىنى تاشلىسىمۇ، خۇيىنى تاشلىمايدۇ، بۇنى بىلىش لازىم. بۈگۈن، ۋەتىنىمىزدىكى ۋەتەن پەرۋەر ئىمانلىق مۇجاھىدلارىمىزدا بۇلاۋاتىدۇ. بىگۇنا ياشلىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، تۈرمىلەرگە قاماۋاتىدۇ. ۋەتەننى، مىللەتنى سۆيگەن ۋەتەن پەرۋەر زىيالىلىرىمىز، ۋەتەن پەرۋەر دىنى زاتلىرىمىز، ۋەتەن پەرۋەر ياش ئەۋلاتلىرىمىز، يېزا ۋە شەھەرلەردىكى ئېغىر ئىشسىزلىق ۋە كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان يوقسۇللۇق ئۆستىدە قايغۇرۇۋاتىدۇ. ۋەتىنىمىزدە ئېچىلىۋاتقان تەبئى بايلىقلاردا ئېغىر بىر جىسمانى ئىش بىلەن ئىشلەشنى خالىغان ئىشسىز ئىنسانلىرىمىزنىڭ بۇ ئەڭ ئاددى تەلەپلىرىنىڭمۇ خام ـ خىيالغا ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىدىن قايغۇرۇۋاتىدۇ. مۇھتاجلىقتىن بىرمۇنچە قىزلىرىمىز ئىچكى جۇڭگوغا ئېلىپ كىتىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىپپەت ـ نامۇسنى سېتىپ ھايات كەچۈرىشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى. مىليونلىغان خەن ئاھالىسى شەرقىي تۈركىستاندا راھەت ياشاۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئىچكى جۇڭگوغا پۇل تېپىش ئۈچۈن كىرىپ قالغان ياشلىرىمىزنىڭ قولىدىكى پۇللارنى تارتىپ ئېلىپ جۇڭگولۇق ساقچىلار تەرىپىدىن ھايۋان مۇئامىلىسى كۆرۈۋاتقانلىقىنى ۋەتەندە ھاياتتىن ئۈمىدى كېسىلگەن بىرمۇنچە ياشلىرىمىز خېرويىنگە، ئوغۇرلۇققا ۋە باشقا ئىجتىمائى جىنايەتلەرگە ئادەتلەندۈرۈلۈپ، مىللى روھىمىزنى چۈشكۈنلەشتۈرۈش ئۈچۈن يول كۆرسىتىلىۋاتقانلىقىنى ...... ئويلاپ چارىسىز ھالدا قايغۇرۇۋاتقاندا، ئۈچكە جان قايغۇسىدا، قاساپ ياغ قايغۇسىدا، دىگەندەك، ۋەتەن خائىنلىرى بولسا، بىر ئەكسىل ئىنقىلاۋى تەشكىلات تېپىۋالسام، بۇ لوق گۆشنى خوجايىنىمغا تەقدىم قىلىپ دەرىجە ئاتلاپ ئۆسىۋالسام، دىگەن خىيال بىلەن ئىشتىھاسى ئېچىپ تاقىتى ـ تاق بولۇپ ھەريەردە تىمىسقىلاپ يۈرمۇاتىدۇ. بەزى مۇناپىقلار، تارىخىمىزنى، بۈگۈنىمىزنى، يۈرگۈزۈلۈۋاتقان مىللى زۇلۇمنى ناھىيتى ياخشى بىلىدۇ. بىلمى بار، ھەر ئىشقا ئەقلى ئىشلەيدۇ. ئەمما، بۇ گىگانىت كۆچكە تەڭ كىلىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا تۈت كۈنلۈك ئۆمرۈنى راھەت ئۆتكۈزەي، دىگەن خىيال بىلەن ئاگلىق ھالدا ساتقۇنلۇق يولىنى

تاللىغان، بۇخىل مۇناپىقلار يۇقىرى ۋە ئوتتۇرا قاتلام لاردا بۇلۇپ، كۇندىزى مىللەتنىڭ ئالدىغا چىقىپ « مەن خەلقىم ئۇچۇن ئىشلەيمەن، سىلەرنى سۆيىمەن دەيدۇ. كىچىسى، خۇجايىنلىرىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، كىملەرنىڭ بېشىنى ئېلىش، كىملەرنى تۇرمىگە قاماش، كىملەرنى مۇھىم ئىشلاردىن يىراقلاش تۇرۇش ھەققىدە ئەقىل بىرىدۇ. بۇخىل خائىنلارنىڭ بىر كۇن ئارتۇق ياشىشى، ۋەتەن، مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ساپ قاننىڭ بىر كۇن ئارتۇق ئېقىپ چىقىپ كىتىشى دىمەكتۇر. يىلاننى كۆرگەن يەردە ئۆلتۇرۇش ساۋاپتۇر. مىللىتىمىزنى بىر ساغلام ۋۇجۇتقا ئىگە قىلىش ئۇچۇن، بۇ ۋۇجۇتتىكى جاراھەتلەرنى ئاپىراتسىيە قىلىپ ئېلىۋېتىش لازىم.

خـائـىـنـلارنـى جـازالاش دەۋرى - مـىـلـلـى سالامەتلىگىمىزنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش دەۋرىدۇر. مىللى ئەخلاقىمىزنى، مىللى روھىمىزنى، مىللى ئىرادىمىزنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش دەۋرىدۇر.

خائىنلارنى جازالاش دەۋرى - مىللى ئىتپاقلىقىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش دەۋرىدۇر. بىر- بىرىمىزگە بولغان ئاداۋەتنى ئەپۇ قىلش، ۋەتەن سۆيگەن پۇتۇن شەرقىي تۇركىستانلىقلار بىر تۇققاندۇر.، دىگەن چۇشەنچىنى يەتتە ياشتىن - يەتمىش ياشقىچە ھەممەيلەننىڭ قەلبىگە يەرلەشتۇرۇش دەۋرىدۇر.

خائىنلارنى جازالاش دەۋرى - تارىختىكى تەجربە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ساۋاقنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، يۇرتىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھازىرلىق قىلىش دەۋرىدۇر.

ۋەتىنىمىز غەيرى مىللەت ھاكىمىيىتى ئاستىغا كىرگەن تارىختىن باشلاپ، ۋەتەن خائىنلىرى ئاشكارا كۆرەڭلەشكە باشلىدى ۋە ئۇلار پەقەتلا، بۇرنى سەزگۈر، نىشانى بۇراپ تاپىدىغان ئىت قاتارىدا قوللۇنۇلۇپ كەلدى. كوممۇنىست خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ھاكىمىيىتى ئاستىغا ئۆتكۈزۈپ ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئىتلارغا، تاپقان ئولجىنى ئۆزلىرى بىرتەرەپ قىلىش ئۈچۈن بەزى ھوقۇقنى بەردى. يەنى مىللى خائىنلارغا دۆلەتنىڭ بەلگىلىك ئورگانلىرىدا شەكىلدە بەزى ھوقوقلار بىرىلدى. ئۇلار، دۆلەتنىڭ قانۇن - ئىنتىزاملىرىنى ئىجرا قىلغۇچى بولۇپ كۆرۈنۈپ، يۇرت ئىچىدە تەسىرى بولغان، مىللى يولباشچىلىرىمىزنى، دىنىي ئالىملىرىمىزنى، زىيالىلىرىمىزنى، ياشلىرىمىزنى تۇتۇش ۋە يوق قىلىش ئىشلىرىنى بىجىردى. ياخشى بىقىلغان خائىنلار بۇئىشلار بىلەن مەشغۇل بۇلىۋاتقان، خەلقىمىزنىڭ پۈتۈن ئوي - پىكرى شۇ تەرەپكە جەلپ قىلىنغان شارائىتنى ياراتقاندىن كېيىن خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن بايلىقىنى بىمالال بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى، يوق قىلدى. خالىغان يەردە شەھەر بىنا قىلىپ، زاۋۇت - فابرىكىلارنى قۇرۇپ، يوقسۇل ۋە مەزلۇم

ئەھۋالدىكى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئىچىدە باي، راھەت ۋە ئەركىن ياشاش كاپالىتىگە ئىگە مىليۇنلارچە كۆچمەن خەن جامائىتىنى يەرلەشتۈرۈپ يۇرتىمىزنىڭ ئىقتىسادى تىز گىنىنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. نەتىجىدە، بۇ گۈنكى، خوتەن، قەشقەردىكى بىر دىھقانىنىڭ يىللىق دارامىتى 50 ـ 60 دوللار ئەتراپىدا بولسا، شىخەنزىدىكى ياكى قارامايدىكى بىرخەنىنىڭ يىللىق دارامىتى 500 ـ 600 دوللار ئەتراپىدا بىر ھالغا كەلدى. بىر ـ بىرى بىلەن ھىچ زىددىيىتى بولمىغان، گۇناھسىز، ئەمما دۆلەت تەرىپىدىن پىلانلىق ھالدا پەرىقلىق ياشاش شارائىتى يارىتىلغان بۇ ئىككى مىللەت خەلقى ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئىشەنمەسلىك، ئۆز ـ ئارا ئۆچمەنلىك، ئۆز ـ ئارا نەپرەت تۇيغۇسى يارىتىلدى. ئاسمان بىلەن زىمىن ئارىسىدىكى قەدەر چوڭ پەرىقنى يارىتىشتا خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ مەقسىدى ئېنىق. يەنى شەرقىي تۈركىستاندا خەن مىللىتىنىڭ سياسى جەھەتتىلا ئەمەس، ئىقتىسادى جەھەتتىمۇ ھاكىم مىللەت ئىكەنلىكىنى جۇڭگودىكى خەن ئاھالىسى ئالدىدا ئىسپاتلاش بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا تېخىمۇ كۆپ كۆچمەن جەلپ قىلىش، يەرلىك خەلقنى بولسا، ياشاشنى خالىسا، يوقسۇل ۋە مەھكۇم ھاياتقا تەن بېرىپ ياشاشقا مەجبۇر قىلىش، ئەگەرتاقەت قىلالماي ئىسيان قىلىپ ئۇتتۇرىغا چىقسا نەسلىنى قۇرۇتۇپ تاشلاپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ ئورنىغا يەنىلا خەن ئاھالىسىنى يەرلەشتۈرۈش. مۇستەملىكىچىلەر باشقا مىللەتلەرنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىشتا ئۇ يەردىكى مىللەتلەرنى بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇمىللەتلەرنى قۇل قىلىش ياكى يوق قىلىش بەدىلىگە يېڭى زېمىنلارنى ئۆزىنىڭ قىلىش ۋە ئۆز مىللىتىگە بەخت ـ سائادەت يارىتىش ئۈچۈن قىلىدۇ. ئەمما، مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان ساتقىن ۋە مۇناپىقلار خەلقىمىزنىڭ ھەققىنى دۈشمەن ھاكىمىيىتىگە ئېلىپ بېرىشتە، مىللىتىمىزنىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، غۇرۇرىنى، جاسارىتىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قۇللۇق روھىغا ئادەتلەشتۈرۈشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ قالماستىن، مىللىتىمىزنىڭ قېنىنى زەھەرلەيدىغان مىكروپلۇق رولىنى ئوينىماقتا. خائىنلار مىللىي ئىنقىلاپ دەۋرلىرىدە ياكى مۇستەقىللىقىمىزنى قولىمىزغا ئالغان زامانلاردا تازىلانغان بولسىمۇ، ئاسارەتتە ياشىغان زامانلىرىمىزدا مىللەتتىن ھېچ تەھدىت كۆرمىدى. ئەكسىچە مىللەتكە تەھدىت ئامىلى بولدى. خائىنلار، مىللەتنىڭ ئالدىدىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئىدى. مىللەت ئۇنى ھەل قىلمىغىنى ئۈچۈن، مىللەت خائىنلارنىڭ ئالدىدا مەسىلىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار دۈشمەن ھىمايىسى ئاستىدا ئۆزلىرىنى «مىللىي داھىي» قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، مىللىي داھىلىرىمىزنى يوق قىلدى،

ئۆزلىرىنى مىللى « قەھرىمان قىلىپ » كۆرسىتىش ئۈچۈن مىللىي قەھرىمانلىرىمىزنى يوق قىلدى، ئۆزلىرىنى « بىلىم ئەھلى» قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن بىلىملىك ئادەملىرىمىزنى يوق قىلدى. ئۆزلىرىنى« دىنى زات » قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن دىنى زاتلىرىمىزنى يوق قىلدى. ۋەتەن ساتقۇچىغا نەپرەت قىلىش ئەنئەنىسىگە ئىگەخەلقىمىزنى، ۋەتەن ساتقۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشكە تىرىشتى. ۋەتەن ـ پەرۋەرلەرگە، مىللى يول باشچىلىرغا، ۋەتەن قەھرىمانلىرىغا يۈكسەك مۇھەببەت ۋەھۆرمەت كۆرسىتىش ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان خەلقىمىزنى، ئۇلارغا نەپرەت قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈشكە تىرىشتى. يەنى مىللەتنىڭ روھىنى مەس قىلىپ تۆرۈپ، خەلق نەپرەت قىلىدىغان نەرسىگە مۇھەببەت باغلاشقا، مۇھەببەت باغلايدىغان نەرسىگە نەپرەت قىلىشقا زورلىدى. بۇخىل خائىنلىق ھەركىتى مىللى ھاياتىمىزغا پەۋقۇلئاددە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. بەزى تارىخىي ھادىسىلەر بىزنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ. بۇلارھەققىدە ئازىراق توختالماق لازىم؛ 30 ـ يىللاردا مىللى ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىق ھەركىتى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەۋجى ئالدى. ۋەزىيەت، خۇددى كۆكلەمدە پۈتۈن دەلدەرەخلەردە ئېچىلغان چېچەكلەر بىر قاتتىق بۇراندا تۆزۈپ كەتىسمۇ، ئەرتىسى كۈنى نەچچە ھەسسە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئارتۇق چىچەك ئىچىلغانغا ئوخشاش ئىدى. باھار مەۋسۇمىدا چىچەكلەرنى تۇزۇتۇپ تۆكتىش خام خىيال بولغىنىغا ئوخشاش ۋەتىنىمىزدىكى مىللىي ئازاتلىق ھەركەتلىرىنى باستۇرۇپ تۈگىتىشمۇ ئىمكانسىز ئىدى.

مانجۇرىيەنى ياپۇنغا بېرىپ قويغان، ئۇنىڭ بىلەنلا قالماي ئىچكى ئۇرۇشۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالغان جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر چىقىرىش ئىمكانى يوق ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى مىللىي بىرلىك سەپ ئاساسىدىكى بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا تامامەن مۇساپىت ئىدى؛ چۈنكى خوجىنىياز ھاجى قۇمۇل ۋە ئەتراپىغا ھاكىم ئىدى. بۇ ئىنقىلاپ مەشئىلىدىن ئىلھام ئالغان تۇرپان جامائىتى مەھمۇت مۇھىيتى باشچىلىقىدا تۇرپاندا قوزغالدى ۋەخوجىنىياز ھاجىنى قارشى ئالدى. كۆچاردا تۆمۈر بەگ باشچىلىقىدا قوزغالغان خەلق كۆچار، ئاقسۇ، قەشقەرغىچە ھاكىم ئىدى. پامىر تاغلىرىدا ئىسيان كۆتۈرگەن قىرغىز باھادىرلارمۇ قەشقەر ئىنقىلاۋىغا ئالاھىدە كۈچ قاتقان ئىدى. ئەينى زاماندا روس ئىستىلاسىدىن قېچىپ غەربىي تۈركىستاندىن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن ئۇرۇش تەجرىبىسى بار ئۆزبەك قېرىنداشلارمۇ قەشقەردىكى ئىنقىلاپتا ناھايىتى مۇھىم سەپلەردە يەرئالماقتا ئىدى. چەرچەن - چاقىلىقتىن، خوتەن يەركەنگىچە بولغان ئۇزۇن لىنىيە مۇھەممەد

ئەمىن بۇغرا ۋەسابىت داموللام باشچىلىقى خوتەن ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ ھاكىمىيتى ئاستىغا كىرگەن ئىدى. ئالتاي جانىمقان باشچىلىقىدىكى قازاق ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ قولىدا ئىدى. غۇلجىدا ھەرزامان ئىنقىلاپ پارتىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندا بىر مىللى دۆلەت قۇرۇلسا، روسلارنىڭ ئىشغالىيتى ئاستىدا تۇرىۋاتقان قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك قاتارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن ئوخشاش دىن، تىل، ئوخشاش ئۆرۈپ ـ ئادەت ۋەمەدەنىيەتكە ئىگە بولغان بۇخەلقلەرنىڭ مىللى ھىسسىياتلىرىغا ئوت تۇتۇشۇپ كىتىش ئېھتىمالى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىستالىن، سوۋىت ئىتتىپاقى چىگرىسىدا ئورتا ئاسىيانىڭ كىلەچىكىگە مەشئەل تۇتىدىغان بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئۆيغۇن كۆرمىدى. ئىستالىننىڭ، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇرۇشۇۋاتقان تەرەپلەرئىچىدە يەنىلا كونا جوڭگو مۇستەملىكچىلەرنىڭ ۋارىسى بولغان شىڭ شى سەينى قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا ئەسكىرى ياردەم بېرىشى، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەركىتىنىڭ جىددى تەھتىد ئاستىدا قېلىشى دىمەك ئىدى. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە، بارلىق مىللى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈش، ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەتنى كونترول ئاستىغا ئېلىش ئۈچۈن بىر دۆلەت تەشكىلاتىغا جىددى ئېھتىياجى بار ئىدى. يەنى، بىر مىللى ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى لازىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىدى . بۇئىشنىڭ زوّرۇرلىكىنى ئەڭ بۇرۇن ھىس قىلغان كىشى سابىت داموللام ئىدى. ئۇ زات خوُتەندە ئىنقىلاپ باشلاشتىن بىرنەچچە ئاي بۇرۇن چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى، توركىيە، مىسىر، سەئۇدى ئەربىستان، ھىندىستان قاتارلىق دوّلەتلەرنى زىيارەت قىلىش جەريانلىرىدا بەزى تەھلىل - تەتقىقلەرنى ئېلىپ بارغان سابىت داموللام، خوُتەندە ئىنقىلاپ پارتىلاش ئالدىدا ۋەزىيەت ھەققىدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا بەرگەن مەلۇماتىدا: دۇنيادا ھېچ بىر دوّلەت شەرقىي توركىستان ئىنقىلاۋىغا ياردەم بېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئىنقىلاپ پارتىلغاندىن كېيىن، بۇلۇپمۇ خوشنا دوّلەتلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

سابىت دامولللام مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن يەركەندىكى خوتەن ئەسكەرلىرىدىن 2000 كىشىنى باشلاپ قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەردە توّمۇر سىجاڭغا ياردەملىشىپ قەشقەر يېڭى شەھەر سېپىلىغا بېكىنىۋالغان توُڭگانلارنى يوقۇتۇپ، مىللى، دىنالوگنى باشلىتىش ئوُچۇن يولغا چىقىدۇ. ئەمما، قەشقەردىكى ئىنقىلاپتا ئىككى يۈزلىمە، پىتنىچى، خائىن بولغانلىقى كېيىن بىلىنگەن بەزى مۇناپىقلار سۇقۇنۇپ كىرۋالغانلىقى ئوُچۇن ئۇلار، توّمۇر سىجاڭغا بەزى بۇزغۇنچى

مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ. يەنى، سابىت داموللام جامائەت ئىچىدە ناھىيتى ئابرويلۇق ۋە ئۆزى قەشقەرلىك بولغىنى ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى تارتىپ ئېلىش مۇمكىنلىكىگە ئىشەندۈرۈپ، سابىت داموللامغا نىسبەتەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويىدۇ. تۆمۈرسىجاڭغا سىجاڭلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن تۇڭگانلار بىلەن ئارىسى بۇزۇلۇپ، تۇڭگانلار قەشقەر يېڭى شەھەردە بېكىنىپ يېتىۋالغان، دۈشمەن تېخى يوقىتىلمىغان بىرئەھۋال ئاستىدا، تۇيۇقسىز بىر كېچىدە يەنى 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى كېچىسى تۆمۈر سىجاڭ، ھېچ ئويلىمىغا يەردە سابىت داموللامنى، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ قېرىندىشى ئەسكىرى قوماندان ئەمىرئابدۇللا (شا مەنسۇر) نى تۇتتۇپ سولاپ قويىدۇ. خوتەنلىن كەلگەن 2000 ئەسكەرنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ ئۆزلىرىنى ھەيدىۋېتىدۇ.

تۆمۈرسىجاڭنىڭ ئەسكەرلىرى يېڭى شەھەردىكى تۇڭگانلار بىلەن ئەمەس، خوتەن ئىنقىلاپچىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا باشلايدۇ. تۆمۈر سىجاڭنىڭ ھاپىز باشچىلىقىدىكى ئەسكەرلىرى قارىقاشقىچە ئىلگىرلەپ بارىدۇ. خوتەن ئەسكەرلىرى ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ، تەكرار يەركەنگىچە كېلىدۇ. مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستان مۇجاھىدلىرى ئورۇنسىز بىر- بىرى بىلەن ئېتىشىپ ئۆلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



1933ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى تۇمۇرسىجاڭ باغ سەيلىسىدىن قايتىپ كېلىشىدە قەشقەردە تۇڭگانلار تەرىپىدىن شېھىت قىلىندۇ. سابىت داموللام تۇرمىدىن چىقىپ دەرھال ھۆكۈمەت قۇرۇش پائالىيىتىنى باشلايدۇ.

1933ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى قەشقەردە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندۇ.

دۆلەت قۇرۇش خىتاپنامىسى ھىندىستان رادىئوسى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا ئېلان قىلىندۇ. ئاي يۇلتۇزلۇق ھاۋارەڭ بايراق قەشقەرئاسمىنىدا لەپىلدەيدۇ.

ئەمما، سابىت داموللام تۇرمىدە ياتقان ۋە قەشقەر، خوتەن ئىنقىلاپچىلىرى بىر- بىرى بىلەن قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە ۋەزىيەت شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ زىيىنىغا قاراپ تەرەققى قىلىۋاتاتتى.

سابىت داموللامنىڭ ئويلىغىنىدەك، خوجا نىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئارىسىنى ياراشتۇرۇش، شىڭ شى سەينىڭ ئەمرى ئاستىدىكى كوممۇنىزىمغا قارشى ئاق ئورۇسلارنى ئىنقىلاپچىلار تەرەپكە جەلىپ قىلىش، ئەسكىرى كۈچتە ئېغىر سالماقنى ئىگەللەپ تۇرۇپ، روس، ئېنگلىز ۋە خىتايدىن ئىبارەت ئۈچ بۈيۈك كۈچ بىر- بىرىگە يىگۈزمەسلىك ئۈچۈن

تىرىشىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ لوق گۆشنى، ئۈچ بۆيۈك كۈچنىڭ ئەسكىرى كۈچىدىن چەكلەنگەن تەگىپۇگىلىقنى ساقلىغۇچى رايۇن ھالىغا كەلتۈرۈپ ئاي، يۇلتۇزلۇق بايراقنى بۇ زېمىن ئۈستىدە ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت، پىلاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى توسايدىغان بەزى توسقۇنلۇقلار ئۇرۇمچىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ بولغان ئىدى؛ شىڭ شى سەي خوجانىياز ھاجى بىلەن كېلىشىپ بولغان ئىدى. مۇئاۋىن رەئىسلىككە رازى قىلىنغان خوجا نىيازھاجىم جەنۇپقا يولغا سېلىندى. ماجۇڭيىڭنىڭ كۈچلىنى نەنجىڭ ھۆكىمىتى ئېلىپ بولغان ئىدى. جەنۇپقا قاراپ يولغا چىققان خوجانىيازھاجىم كۈچلىرى بىلەن تۇڭگان كۈچلىرى داۋانچىڭدا قاتتىق جەڭ قىلدى. خوجانىيازھاجىم ئېغىر چىقىمغا ئۇچراپ جەنۇپقا ماڭدى، ئارقىدىن ماجۇڭيىڭ قوغلىدى. شىڭشى سەي بولسا ئۇرۇمچىدە ئۆز ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالدى.

ئاقسۇدا، سوۋېت ك. گ. ب نىڭ ۋەكىلى يېزىسىپجان خوجا نىيازھاجىم بىلەن كۆرۈشتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ھۆكىمىتىنى تارقىتىۋېتىش، سابىت داموللام، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرالارنى ئۆلتۈرۈش ياكى تۇتۇپ بېرىش قارىشلىغىدا خوجا نىيازھاجىمغا قورال ياردەم بېرىش ۋەدىسىنى بەردى. ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىككە كاپالەت بەردى. سابىت داموللام، مىللى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كۆچلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن مىللى مۇجادىلە گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى بولغان قۇمۇل - تۇرپان كۆچلىرىنىڭ بېشىدىكى خوجا نىياز ھاجىمنى شەرقىي تۈركىستان دۆلەت رەئىسى قىلىپ ئېلان قىلغان ئىدى. بۇچارە بىلەن خوجا نىياز ھاجىمنى شىڭ ۋە ئورۇسنىڭ كونتىرولىدىن چىقىرىپ ئالتەشەھەردە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادى، سىياسى ۋە ئەسكىرى كۈچىنى رەتكە سېلىپ، ئاندىن شىمالدىكى ئىنقىلاپچىلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا ئاخىرى دۆلەتنىڭ بىر پۈتۈنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ستىراتگىيەسى پەقەت پىلاندىلاقالدى. چۈنكى خوجا نىيازھاجى تېخى قۇمۇلدىكى چاغدىلا روس جاسۇسلىرى، يەنى، مىللىتىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان، ئىنقىلاپچى قىياپىتىدىكى ۋەتەن خائىنلىرى ئۇنىڭ ئەڭ يېقىنىغا يەرلىشىپ بولغان ئىدى. جاسۇسلارنىڭ تەسىرى بىلەن خوجا نىياز ھاجىمنىڭ ئۈمىدى روسلارغا، روسلارنىڭ ئۈمىدى بولسا شىڭ شى سەيگە باغلانغان ئىدى. پۈتۈن مىللى كۆچ بىرلەشكەندە، ئەسكىرى كۆچ سالمىقى ئېغىرلاشقاندا ئاندىن ئىچكى تاشقى - دۈشمەن كۈچى بىلەن مۇرەسسەگە ئولتۇرغىلى بۇلىدىغانلىقىنى، روسلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى خوجا نىيازھاجىم ھېس قىلغان بولىسمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى جەلپ قىلۋالغان ماجۇڭيىڭدىن قۇتۇلۇش

ئۈچۈن روسلارنىڭ قورالىغا ئېھتىياجى بار ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئۈچ تەرەپ ئىچىدە، شىڭ شى سەي ياپونىيەدە ھەربى تەلىم ئالغان، يالغان كوممۇنىستلىقى بىلەن روسلارنىڭ ھىمايىسىنى قازانغان، روس ياردىمى بىلەن ئەڭ زامانىۋى قۇراللارغا ئىگە بولغان ئەسكىرى كۈچىنىڭ قوماندانى ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننى ئىگىسىدىن سورىماي روسلارغا ساتقان بۇشەخس شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشتىن كۆڭلى ئەڭ خوش بولىدىغان بىرجاللات ئىدى. ماجۇڭيىڭ خىتاي ئىچىدە ئەسكىرى مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ياش بۇلىشىغا قارىماي كۆپ ئۇرۇش كۆرگەن، ئارمىيەسىنى ئەڭ قاتتىق ئىنتىزام ئىچىدە تۇتىدىغان بىر قەھرىمان مىللەتارس بۇلۇپ، بۇ، مىللى ئىنقىلاۋىمىزنىڭ ئىككىنچى بۈيۈك دۈشمىنى ئىدى. ئارمىيىسىنى جۇڭگونىڭ 36 ـ تىۋەنى دەپ، ھەريەردە قورالسىز خەلقنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ يۈرگەن بۇ باندىتلارنىڭ ئارقا تېرىگى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان پاسپورتى بىلەن ھىندىستانغا كەلگەن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى قاسىمجان ھىندىستاندىكى ئېنگىلىز ھۆكۈمىتىنىڭ، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلىشىنى ئىستىگەن ئىدى. ئىنگىلىز ھۆكۈمىتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىكى ئادرېسى



سز مەسلىھەتلىرىڭىزنى نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن كۆرۈشۈپ ھەل قىلىڭ! بىز سىزنى ئەمەس نەنجىڭ ھۆكۈمىتىنى تونۇيمىز، دەپ جاۋاب بەرگەن. دېمەك ئېنگىلىز ھۆكۈمىتى قولىدىن چىقىپ كېتىش خەۋپى بولغان ھىندىستاننىڭ يېنىدابىر مۇستەقىل دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىن راھەتسىز ئىدى. ئىچكى - تاشقى ۋەزىيەت ئېغىر ئىدى.

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى خوشنىمىز ئافغانىستاندىن باشقا ھېچ بىردۆلەت رەسمى تونۇمىدى. ھەتتا تۈركىيەدىكى پۈتۈن گېزىت - ژۇرنال، رادىئولار ئايلارچە شەرقىي تۈركىستاننى تەبرىكلەپ خەۋەرلەر بەرگەن بولسىمۇ، تۈرۈك خەلقى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەبرىكلەپ تەنتەنىلەر قىلغان بولسىمۇ، تۈركىيە ھۆكۈمىتى، ۋەياكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ھېچ بىرتۈۋش چىقارمىدى. چۈنكى روسلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقاتتى. ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر يېڭى تۇغۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنى بۆشۈكىدە بوغۇپ يوق قىلىشنى پىلانلاۋاتقان ۋە بۇپىلاننى ئىجرا قىلىۋاتقان بىرۋاقىتتا، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇجاھىد گۇرۇپپىلارنىڭ تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلىشىش زۆرۈرىيىتى بارئىدى. خوجا نىيازھاجىم ئاقسۇدىن چېكىنىپ قەشقەرگە كىلىۋاتقىنىدا سابىت

داموللام ئاتۇشقا قەدەر كېلىپ پۈتۈن يۇرت جامائەتنى توپلاپ دۆلەت مۇراسىمى بىلەن خوجا نىياز ھاجىمنى قارشى ئالدى ۋە قەشقەردىكى دۆلەت سارىيىنى بوشىتىپ خوجا نىياز ھاجىمغا بەردى. خوجا نىيازھاجىم قەشقەردە بىر ئايمۇ تۇرماستىن يەركەنگە چېكىندى ۋە باشقىلارمۇ يەركەنگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. 1934 - يىلى 4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خوجا نىياز ھاجىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەھمۇت مۇھىتى، سابىت داموللامنى تۇتۇپ، قوللىرىنى ئارقىسىغا باغلاپ خوجا نىيازھاجىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. سابىت داموللامنى روسلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئاقسۇغا يولغا سالدى خوجا نىيازھاجى سابىت داموللامنى تۇتۇپ بېرىش قارىشىلىغىدا روسلارنىڭ بەرمەكچى بولغان قورالىلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۈركەش تامغا كەتتى. روسلار ئاقسۇدا سابىت داموللامنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ شىڭ شى سەيگە تاپشۇرۇپ بەردى. ئۈركەش تامدا روسلارنىڭ ۋەدىسى يالغان ئىكەنلىكى بىلىندى. روسلاردىن بىرتالمۇ ملتىق ئالالمىغان خوجا نىياز ھاجىم يەنىلا روسلارنىڭ تاپشۇرىقى بىلەن ئاقسۇغا كەلدى. ئۇندىن كېيىن مۇئاۋىن جۇشى بولۇش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەتتى.

مەن بۇيەردە تارىخىي جەريانلارنى سۆزلىمەكچى ئەمەس، ھادىسىلەردىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەۋىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولسۇنكى، مەن دىمەكچى بولغان ئەسلى ماھىيەتنى چۈشەنسۇن دىگەن نىيەتتە ئۇ، تارىخلارغا بىر ئاز توختالدىم. ئىپادىلىمەكچى بولغان مەقسىدىم شۇ:

دۇنيادا ئىلان قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەئىيسى بولغان خوجا نىياز ھاجىم، يەنى ئۇ، دۆلەت قانۇنىنىڭ، دۆلەت رەئىسىنىڭ ۋەزىپىلىرى پىراگىراپىنىڭ 2 ـ ماددىسىدا « دۆلەت رەئىيسى خەلق تەرىپىدىن 4 يىللىق مۇددەت ئۈچۈن سايلىنىدۇ. ئەمما ئىسلامنىڭ، ۋەتەنىنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە جەڭ قىلىپ، مۇستەقىللىقىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان دۆلەت رەئىسىمىز خوجا نىيازھاجىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرغىچە دۆلەتنىڭ رەئىسىدۇر، ئۇنىڭ بۇ سىزپىتىنى پۈتۈن خەلقىمىز ۋە ئارمىيىمىز تەستىق ئېتىلۇ. » دەپ يېزىلىشى بىلەن پۈتۈن دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىر تىزگىنى تاپشۇرۇلغان بۇ ئادەم 1934 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ھۆكۈمەتتىن مەخپىي ھالدا سوۋىت ئىتپاقى بىلەن 11 ماددىلىق بىر كېلىشىم تۈزگىنى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مىنىستىرلار كابىنىتىدا، خوجا نىيازھاجىم بىلەن سوۋىت ئىتپاقىنىڭ ئىمزالىغان كېلىشىمنى ئىناۋەتسىز ئېلان قىلىش بىلەن ھۆكۈمەت ئىچىدە قايتا ئىتتىپاقلىشىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى

ئاشكارىلىندۇ. بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن سوۋېت ئىتتىپاقى شەرقىي تۈركىستاندا 7 مىڭ كىشىلىك ئارمىيەنى كىرگۈزۈپ ھاۋادىن ۋە يەردىن مىللىي ئارمىيەگە ھۇجۇمغا ئۆتتۈدۇ. شىڭ شى سەينىڭ، تۇڭگانلارنىڭ ۋە روسلارنىڭ ئەڭ زامانىۋى قۇراللارغا ئىگە بولغان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچراۋاتقان مىللىي ئارمىيىمىزنىڭ مەغلۇبىيىتىنى، مىللىي ھاكىمىيىتىمىزنىڭ يىقىلىشىنى توسۇپ قىلىش تەس ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەتنى بىز ئەۋلادلىرىمىزغا چۈشەندۈرەلمەيمىز، ئەمما، دۆلەت رەئىسى بولغان خوجا نىياز ھاجىمنىڭ، باش مىنىستىر ۋە بۇ دۆلەتنى قۇرغۇچى بولغان سابىت داموللامنى تۇتۇپ، بۇ دۆلەتنىڭ دۈشمەنلىرىگە تەسلىم ئېتىشنى بىز قايسى مەنتىق بىلەن تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز مۇمكىن؟ ئەۋلادلىرىمىزغا قايسى يۈزىمىز بىلەن، قايسى تىلىمىز بىلەن قانداق چۈشەندۈرەلەيمىز؟ خوجا نىياز ھاجىم، سابىت دامولامنى چەتئەلگە قاچۇرۇۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. روسلارغا، شىڭ شى سەيگە «قېچىپ كىتىپ قالدى، تۇتالمىدىم» دېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر خوجا نىياز ھاجىمنىڭ سابىت دامولامغا نىسبەتەن ھەقىقەتەن كەچۈرگىسىز بىر ئۆچمەنلىكى بولسا تۇتۇپ ئۆزى ئۆلتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇنداق قىلمىدى. سابىت دامولامنى دۈشمەن ئالدىدا ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پۇلغا يارماس بىچارە ئادەم قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قولللىرىنى باغلاپ، يالاڭ ئاياق ماڭدۇرۇپ، چاچ ـ ساقاللىرىنى ئۆستۈرۈپ دۈشمەنگە تەسلىم قىلدى. سابىت داموللام ئۆرۈمچىدە ئەڭ ئېغىر جىسمانى ۋەمەنىۋى قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىندى. سابىت داموللام تۇتۇلۇپ تاكى خوجا نىيازھاجىم 1942ـ يىلى ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر 8 يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا سابىت داموللام قاتارلىق مىللى ئىنقىلاپ يول باشچىلىرى، ئىنقىلاپچىلار ۋە ئىنقىلاپقا ھېسداشلىق قىلغۇچى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبەكلەردىن بىر مىليون بەشيۈزمىڭ ئادەم شىڭ شى سەي تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بارلىق ئۆلتۈرۈلدىغانلار خوجا نىيازھاجىمنىڭ كۆزئالدىدا ئۆلتۈرۈلدى. ئۆلتۈرۈدىغان ئادەم تۈگەپ خوجا نىيازھاجىم يالغۇز قالغاندا، خوجا نىيازھاجىمغا، سابىت داموللامنى تۇتۇپ بىرىشكەمەسلىھەت ۋە رىغبەت بەرگەن ھاجىمنىڭ ئەڭ يېقىندىكى ۋەتەن خائىنلىرى شىڭ شى سەينىڭ ئەمرى بىلەن خوجا نىيازھاجىمنى ئۆلتۈرۈپ بىر كېچىدە ئۈرۈمچىنىڭ سىپىلىدىن جەسىدىنى تاشقىرىغا تاشلاپ قويىدى.

سابىت داموللام قەشقەردە ۋە بۇخارادا ئوقۇغان، قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە كۆپ يىل مۇدەررىس بولغان، كېيىن غۇلجىدىكى جاماەتنىڭ تەكلىپى بىلەن

1929 ـ يىلى غۇلجىغا كىلىپ بىرنەچچە يىل غۇلجىدا قازى ۋە مۇدەررىسلىك قىلغان، ئۇستا ناتىق ۋە دىنى ئالىم ئىدى. 1930 ـ يىلى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا غۇلجىغا كەلگەندە ئىككەيلەن ئىنقىلاپ ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشىپ، ئىنقىلاپنى خوتەندە باشلاشنى ئۇيغۇن كۆرۈپ، سابىت داموللام چەتئەلگە، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا خوتەنگە يولغا چىققان. سابىت داموللام ئىنقىلاپ ھارپىسىغا ئۇلگۈرۈپ كىلىش ۋەدىسى بۇيىچە ھىندىستان ئارقىلىق خوتەنگە كەلگەن. خوتەندە ئىنقىلاپ غەلبە قازانغان دىن كېيىن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا، سابىت داموللامنى دۆلەت رەئىسلىكىگە كۆرسەتكەندە، سابىت داموللام: ئىنقىلاپ خوتەندە پارتىلدى. بىرىنجىدىن ھەربىرلىرىنىڭ غەيرىتى بىلەن بۇ ئىش بولدى. ئىككىنجىدىن مەن، قەشقەردىن كىلىپ خوتەندىكى ئىنقىلاپنىڭ بېشىغا كىلىۋالسام ئىنقىلاپنىڭ كۆچىيىشى ئۈچۈن ئازا پايدىلىق بولمايدۇ، دەپ، قوبۇل قىلمىغان. دىمەكچىمەنكى؛ مۇھەممەد ئەمىن بۇغراغا ئوخشاش، سابىت داموللامۇ ئالىجاناپ كىشى ئىدى. بۈگۈن بىز 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى، دۆلەت قانۇنى، بانكىچىلىق، ئىچكى ـ تاشقى سىياسەت ھەققىدە بىر مۇنچە ھۆججەتلەردىن سابىت داموللامنىڭ نەقەدەر بىلىملىك، نەقەدەر تەدبىرلىك ۋە دۇنيانى توغرا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



چۈشەنگەن بىر دۆلەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. مۇشۇنداق بىر تارىخىي شەخسنى، بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇلغۇچىسىنى بۇ مىللەتتىن بولغان ھەر نەچچە ئادەم يەكەندىن ئاقسۇغا قەدەر بىر ئىككى ھەپتە چۆلدە ئېلىپ ماڭغاندا مىللەتنىڭ بۇ يولباشچىسىنى، مىللەتنىڭ شان ـ شەرىپىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن يىگىرمە ـ ئوتتۇز نەپەر ۋەتەن ئوغلىنىڭ چىقمىغانلىقى ئىنساننى تېخىمۇ ئېچىندۇرىدۇ.

خوجا نىيازھاجىم جاھىل، ئۇقۇمىغان بىر ئادەم بولسىمۇ، ئەمما بىر مىللىي قەھرىمان ئىدى. تارىخىي شارائىت ۋە ئەتراپىتىكى بۇزۇق ئادەملەر ئۇنى بۇخاتا يولغا باشلاپ قويدى. ئەمما، ئۈرۈمچىگە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كىلىپ، ئۇنىڭ راھىتىنى كۆرگەن بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ بولۇشىغا قارىماي، خوجا نىيازھاجىم ئۆلتۈرۈلگەندە ئۈرۈمچىدە ھېچ بولمىسا ئون يىگىرمە ئادەم كوچىغا چىقىپ «بىزنىڭ باشلىقىمىز قېنى؟ ئۇنى كىم ئۆلتۈردى؟» دەپ ھۆكۈمەت بىناسى ئالدىغا بارغىنى يوق، بىر ئىككى ئوغۇل بالاچىقىپ ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ دەرىزىلىرىگە تاش ئاتالىغىنى يوق. ئىنسان ئويلۇنۇپ قالىدۇ. نىمىشكە بۇ مىللەت ئۆز تەقدىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ يولباشچىلىرى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن چاتىقى يوق؟ قەھرىمان بىر نەسلىنىڭ ئەۋلادى بولغان بۇخەلق نىمىشكە بۇقەدەر بىچارە، قورقۇنچاق

ۋە باش باشتاق هالغا كېلىپ قالدى.

1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمهۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەئىيسى ۋە هۆكۈمەتنىڭ باش مىنىستىرى ئەنە شۇنداق ئالەمدىن ئۆتتى.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ رەئىسى ئېلىخان تۆرەمنىڭ تەقدىرى نىمە بولدى؟

ئېلىخان تۆرەم 1920 يىللىرى پەرغانە ۋادىسىدا ئورۇسلارغا قارشى پارتىزانلىق كۈرەشلەردە ئالدىنقى سەپلەردە ئۇرۇش قىلىپ قەهرىمانلىق كۆرسەتكەن بولۇپ، غەربى تۈركىستاندىكى ئىنقىلاپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن ۋە ئۇزۇن يىل شىڭشى سەيىنىڭ تۈرمىسىدا قالغان دىنى ئالىم، پىشقان ئەسكىرى قوماندان، يېتىشكەن بىر سىياسىيون ۋە پەۋقۇلئاددە ناتىق ئىدى. 1944 ـ يىلى غۇلجىدا پارتىلىغان ئىنقىلاپقا بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان ۋە 1944 ـ يىلى 11ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمهۇرىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغان، 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ مىللى ئارمىيەسى قۇرۇلغاندا مارشال ئۇنۋانى بېرىلگەن بىر كىشى ئىدى. روسلارنىڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئېهتىياجىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولغانلىقى ئۈچۈن روسلار بىلەن ئەڭ ياخشى مۇناسىۋەتتە ئۆتۈش ئۈچۈن دىپلوماتىك غەيرەت كۆرسەتكەن ئىدى. روسلارنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقۇرى قاتلام لىرىغا روستەرەپ دارى ئەمما ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قابىلىيەتلىك ياشلارنى قويغان ئىدى. ئىلخان تۆرەم شەرقتىكى سىياسەتچىلەرگە ئوخشاش، ئۇششاق مەنپەتى ئۈچۈن دۆلەت ھاكىمىيتىنى گورروھۋازلار تەشكىلاتى قىلمىغان ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان تۈرك خەلقلەرنىڭ بىرلىك، باراۋەرلىكىنى تەمىن ئېتىپ قالماستىن، مۇسۇلمان بولمىغان، تۈرك ئىرقىغا مەنسۇپ بولمىغان خەلقلەرنىمۇ ئوخشاش باراۋەرلىك، ئوخشاش ھوقۇقىا ئىگە قىلغان ئىدى. مىللەتلەرنىڭ بارەۋەرلىگى، مىللەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە بولغان ئىشەنچى، مىللى دوسلۇق ئەينى زاماندا شەرقىي تۈركىستانغا خوشنا بولغان پۈتۈن دۆلەتلەرگە ئۈلگە يارانقۇدەك بىر ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. دۆلەت ۋە ئارمىيەنىڭ يۇقۇرى قاتلىمدا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتار، موڭغۇل، تۇڭگان، شىبە، ئورۇس، خىتتاي قاتارلىق ھەرمىللەت ۋەكىللىرى يەرئالغان بولۇپ ھەممىسى ئەملى ھوقۇقا ئىگە كىشلەر ئىدى. شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز ۋەتىنىم دەپ سانىغان مىللى.كۆچلەر بىرئارىغا كەلگىنى ئۈچۈن،

قسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئالتايدىن تاكى غۇلجىغا قەدەر پايانسىز زېمىنلارنى شەرقىي تۈركىستان بايرىقى ئاستىغا بىرلەشتۈرگەن مۇنتىزىم ئارمىيەنىڭ سانىنى 40 مىڭغا يەتكۈزۈپ، ئالدىنقى سەپتىكى ئارمىيە ئۈرۈمچىنىڭ دەرۋازىسى سانالغان ماناسقا كەلگەن ئىدى. جەنۇپتا قاراشەھەرنىڭ يۇلتۇز، ئاقسۇنىڭ باي، كونا شەھەر، قەشقەرنىڭ تاشقورغان، قاغىلىق، پوسكام ناھىيەلىرى شەرقىي تۈركىستان بايرىقى بىلەن شەرەپلەنگەن. خىتاي ئەسكەرلىرى ئالدى ـ كەينىگە قارىماي جۇڭگوغا قېچىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە. يەنى 1945ـ يىلى 9ـ ئايدا، روسلار، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ماناس ۋە جەنۇپتا ئىلگىرلەۋاتقان مىللىي ئارمىيەنى مەجبۇرەن ئىلگىرلەشتىن توختاتتى. چۈنكى 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ـ 14ـ كۈنى جۇڭگو سوۋېت دوستلۇق كېلىشىمى موسكۋادا ئىمزالانغان ئىدى. مىللىي ئىرادىمىزنىڭ ئۈچۈرۇقتىن ئۈچۈرۇق توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى، سوۋېت بىلەن جۇڭگو ئارىسىدا سودىسى قىلىنىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاننىڭ ناھايىتى ئەرزانغا سېتىلىپ كېتىش ئېھتىمالىنى تولۇق ھېس قىلغان ئىلىخان تۆرەم، مىللىي ئارمىيەنىڭ توختىماي ئىلگىرلىشىنى خالىسىمۇ، ھۆكۈمەتتە كۆپ سانلىقنى ئىگەللىگەن ۋە روسلارغا قاتتىق ئىشەنگەن مىللىي رەھبەرلەر روسلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە خىتايلار بىلەن كېلىشىم قىلىش تەرەپدارىدا چىڭ تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىدىكى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com



1946 ـ يىلى1ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى باشلانغان مۇرەسسە مۇزاكىرىسى 1946ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى 11 ماددىلىق كېلىشىم بىلەن تاماملاندى. روسلار بىلەن خىتتايلارنىڭ ئارىسىدا يېزىلمىغان بىر ماددىلىق بىر كېلىشىم بارئىدى . بۇ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ دۆلەت باشلىقى ئېلىخان تۆرەمنى ۋە شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنى ئوتتۇرىدىن يوق قىلىش ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن روس جاسۇسلىرى بۇرۇنلا ‹ ئىلىخان تۆرەم ئەنجانلىق ئۆزبەك، بىر ئۆزبەگىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولۇشى بولمىغان گەپ › دەپ خەلقنىڭ مەھەللىۋازلىق ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ پىتنە ـ پاسات تارقىتىشقا باشلىغان ئىدى . ئۆرۈمچىدە كېلىشىم تۈزۈلۈپ 7 كۈنلىدىن كېيىن، يەنى 1946 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى غۇلجىدىكى روس كونسۇلى ئېلىخان تۆرەمنى بىر جىپ ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ كېچىدە قورغاسقا ئاپاردى ۋە سوۋىت چېگراسى تەرەپكە ئۆتۈپ توختىدى. بىر دۆلەتنىڭ رەئىسىنى، 40 مىڭ كىشلىك مۇنتىزىم ئارمىيەنىڭ باش قوماندانىنى، غۇلجىدىكى كىچىككىنە بىر روس كونسۇلىنىڭ تۇتۇپ كېتىش جاسارىتى قەيەردىن كەلدى؟ بۇ دۆلەتكە، بۇ خەلققە، بۇ مىللەتكە، بۇ ئارمىيەگە بۇنداق ئېغىر ھاقارەت قىلىش جاسارىتىنى كىم بەردى؟ بۇ ئىش باشقا مىللى رەھبەرلىرىمىزنىڭ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشىنى

قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىندى. ئەمما، مىللى ئارمىيە ئىچىدە ئىلىخان تۆرەمىنىڭ قولىدىن قەھرىمانلىق مىداللىرى ئالغان بىر نەچچە ئوفىتسېر جەڭچى چىقىپ، روس كونسۇلىنى تۇتۇپ «رەئىسىمىزنى بەر، بەرمىسەڭ سېنى ئۆلتۈرىمىز» دەپ مىلتىقىنى ئۇنىڭ چېكىسىگە تەگلىگەن بولسا ئىدى. بۇ مىللەتنىڭ مۇھەببىتى بار يولباشچىلىرىنى قوغداشنى بىلىدىغان بىر مىللەت ئىكەنلىكىنى ئەۋلاتلىرىمىز ئالدىدا پەخىرلىنىپ ئىسپاتلىيالىغان بولار ئىدۇق. غۇلجىدا رەئىسنى ئىزدەپ خەلق غەليان كۆتەرسە، غۇلجىغا قايتۇرۇپ ئەكىرىپ بىرىش ئۈچۈن ئىلىخان تۆرەمنى قورغاس چېگرىسىدا 10 كۈن سۆھبەتلەشكەن قىياپەتتە تۇتۇپ تۇرغان روسلار، غۇلجىدا هايات نورمال داۋام ئەتكەنلىكىنى ھېچ كىم رەئىسنى ئىزدەپ غەۋغا قىلمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئىلىخان تۆرەمنى ئېلىپ كېتىپ تۈرمىگە قامىدى. ئىلىخان تۆرەم بار ۋاقىتىدا شەرقىي تۈركىستان پۇقرالار ئىچىدە روس پاسپورتى تارقىتىشى قاتتىق چەكلىمىگە ئۇچرىغان ئىدى. ئەمدى روس كونسۇلى ئاشكارا ۋە كەڭ ـ تاشا روس پاسپورتى تارقىتىشقا باشلىدى. ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالىدىن ئۈمۈدى كېسىلگەن بىرمۇنچە ئوفىتسېرلار، زىيالىلار ۋە باشقا كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن سوۋېت پۇقراسى بولغىلى باشلىدى. ئارمىيە ئىچىدە، هۆكۈمەت ئىچىدە، خەلق ئىچىدە پارچىلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باشلانغان ئىدى. پۈرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ختايلارمۇ بوش تۇرمىدى. 1942 ـ يىلى چۆچەكتە زاكىروپنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن گومىنداڭغا رەسمى جاسۇس بولۇپ ئىشقا ئېلىنغان سەيپىدىن ئېزىز باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم ختاي جاسۇسلىرى ئۆمۈتنى ماۋزىدۇڭغا باغلاپ، گومىنداڭنى تاشلاپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يەنئەنگە جاسۇسلۇق قىلىشقا باشلىدى. كېلەچەك ئۈچۈن ختايلارغا خىزمەت قىلغۇچى خائىنلار گۇرۇپپىسىنى ھازىرلاشقا باشلىدى. شەھىدلەرنىڭ قېنى سوۋۇماي تۇرغان بىر شارائىتتا ئۆزلىرىنى ئەقىللىق ساناپ، قىسقا يولدىن كاتتا مەنپەئەتكە ئېرىشمەكچى بولغان خائىنلار بەس ـ بەس بىلەن ھەركەت قىلىۋاتاتتى. گەرچە ئىلىخان تۆرەمنىڭ ئورنىغا ئەخمەتچان قاسىمى كەلگەن بولسىمۇ، ئەخمەتچان قاسىمى روسلارنىڭ ۋە ختايلارنىڭ ئاغدۇرۇمچىلىق ھەركەتلىرىنى قاتتىق چەكلىمىدى. ئەخمەتچان قاسىمى ئەقىللىق، دىپلوماتىيەنى ياخشى بىلگەن، تەدبىرلىك بىر مىللى يولباشچى ئىدى. ئەخمەتچان قاسىمنىڭ تالانتىنى ئەڭ بۇرۇن ھىس قىلغان ئادەم يەنىلا ئىلىخان تۆرەم ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىخان تۆرەم ئەخمەتچان قاسىمنى ئەڭ مۇھىم دۆلەت خىزمەتلىرىگە قويغان ئىدى. ئەخمەتچان قاسىم بەزى ۋەتەن ساتقۇچلارنىڭ دېگىنىگە ئوخشاش، سوۋېت جاسۇسى ئەمەس ئىدى، بەلكى سوۋېت

تەرەپدارى ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلگىنى ئۈچۈن روسلار ۋە خىتايلار بىلەن يۇمشاق دىپلوماتىك يول بىلەن ۋەتەنىنىڭ كېلەچەك ئالى مەنپەتىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشماقتا ئىدى. بۇ يۇمشاقلىقتىن پايدىلانغان روس ۋە خىتاي جاسۇسلىرى مىللى سەپنى ئىچىدىن بوزۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. مىللى ئارمىيە ئوسمان باتۇر ۋە مىللى ئارمىيەدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇپقا بۆلۈنۈپ بىر - بىرىنى قىرماقتا ئىدى. دۈشمەنگە قارشى ئوق ئېتىش تامامەن توختىغان ئىدى. روسلارنىڭ ھەرقانداق شەرتىگە رازى بولغان ئەخمەت ئەپەندىم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بەش كىشى 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئالمۇتىغا چاقىرىلدى ۋە بېيجىڭگە بېرىپ مىللى مەسىلىنى ماۋ بىلەن سۆزلىشىپ ھەل قىلىشنىڭ لازىملىقى بىلدۈرۈلدى. بۇ ئەمىرنىڭ ئىستالىن تەرىپىدىن كەلگەنلىكى ئۇقتۇرۇلدى. ئەمما، روسلار، مۇستەقىللىقتىن ۋاز كېچىشنى خىتايلارنىڭ دىگىنىگە ماقۇل بولۇشنى ئىما قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەخمەتجان قاسىمى، شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق ياكى يېرىم مۇستەقىللىق سەۋىيەسىدە بىر كېلىشىم بولمايدىغان بولسا، مەسىلىنى خەلققە ھېچقانداق قىلىپ چۈشەندۈرەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ يۇمشاق بىر شەكىلدە روسلارنىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلدى. ۋە ئارىدىن 5 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 8 - ئاينىڭ 27 -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆنى بۇ بەش مىللى رەھبەر مۇڭغۇلىيە چېگراسى ئىچىدە ئايرۇپىلان ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى. بېيجىڭگە سەيپىدىن ئەزىز چاقىرتىلدى. ئۇ مەخپىي، يالغۇز ھەم شەرتسىز كەتتى. ئون مىڭلارچە شېھىتنىڭ قېنى بىكارغا كەتتى. ۋەتەن ئاسمىنىدىكى مىللى بايراق يىقىلدى. غۇرۇر ۋە ئىپتىخارىمىز بولغان مىللى ئارمىيە خىتايلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. سابىت داموللام نى، خوجا نىياز ھاجىمنى ، ئېلىخان تۆرەمنى دۈشمەن تۇتۇپ يەپكەتكەندە سۆزكۆت قىلىپ تۇرغان ۋەياكى بەك دىققەت قىلمىغان بۇ خەلق، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مىللى يول باشچىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندىمۇ دۈشمەنگە ھېچ قىساس تۆيغىسىدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىمىدى. ئادەملەر يىغلىدى، ماتەم تۇتتى. ئەمما ئون - ئونبەش ئوغۇل بالاچىقىپ روس كونسولىغا كىرىپ « بىزنىڭ داھىلىرىمىز نەدە؟ ئۇلارنى نىمىشكە ئۆلتۈردىڭ » دەپ غەۋغا قىلغىنى يوق. ھەرقېتىم داھىلىرىدىن ئايرىلىپ، باش - باشتاق قالغان خەلق چۆلدە بۆرىلەرنىڭ بوزغۇنىغا ئۇچرىغان پادا قويىدەك تىرە - پىرەك بولدى ۋە كۆپ چىقىمغا ئۇچرىدى.

خەلقىمىز ھەرقېتىم مىللى داھىلىرىدىن، مىللى بايرىقىدىن، مىللى ئارمىيىسىدىن ۋە دۆلىتىدىن ئايرىلىپ

قېلىشىنىڭ بەدىلىنى بەك كۆپ قان بىلەن، بەك ئېغىر بەدەل بىلەن ئۆتىدى. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ دۈشمەنلىرى بەك كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن ۋە خەلقىمىزنىڭ خائىنلارنى جازالاش ئەنئەنىسى زەئىپلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن بىرلىشىپ خەلققە ئاسىلىق قىلىدىغان ۋەتەن ساتقۇچلار ھەرقېتىمقى مىللى مەغلۇبىيىتىمىزدىن كېيىن خەلقىمىزنى قان قۇستۇردى. مىللى داھىلىرىمىزنى يوق قىلىپلا قالماي، خەلق ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئابرويىنى چۈشىرىدىغان تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى. پۈتۈن كومىنىست دۆلەتلەردە بىردەك، بىر قېلىپ، بىريول، بىرپىكىرگە ئۇيغۇنلاشمىغان ئادەملەر رەھىمسىز «پرولتارىيات» چاقى ئاستىدا يەنچىپ يوق قىلىنغىنىغا ئوخشاش، لوغىتىدىن «ئىنسان پەرۋەرلىك» دىگەن سۆزنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى فاشىزىم دىكتاتۇرلۇقى بىلەن دۇنياغا نامىنى چىقاردى. گىتلېر فاشىست ئىدى، ئەمما، ئۇ، ئۆزمىللىتىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى يارىتىش ئۈچۈن باشقا مىللەتلەرنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. ماۋزىدۇڭ بولسا ئۆزمىللىتىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن، ئۆز مىللىتىنى جازالاش بىلەن گىتلېرچىلەرنى ھەيران قالدۇردى. ماۋ «چىن شىخۇاڭ ئاز ئادەم ئۆلتۈرگەن، مەن ئۇنىڭدىن كۆپ ئۆلتۈرىمەن» دەپ ئۆز مىللىتىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈشتە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



رىكورت يارىتىپ پەخىرلەندى. ئۆزمىللىتى ئۈچۈن بۇ دۇنيادا دوزاق ياراتقان ماۋ، ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى غەيرى مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەردە بولغانلىقىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قىياس قىلمىقى تەس ئەمەس. بۇ قارا كۈنلەردە مىللەتنى باشلاپ مېڭىش قابىلىيىتىگە ئىگە، داھىي بولغۇسى ئىنسانلار ئۆلتۈرۈلدى ۋە ياكى ئۇزۇن ۋاقىت تۈرمىلەردە ياتقۇزۇلۇپ جىسمانى ۋە ئەقلى جەھەتتىن كېرەككە كەلمەس ئەھۋالغا كەلتۈردى. كىچىدە ئاسماندا كۆرۈنگەن ئاقار يۇلتۇزلار كەبى خەلقىنىڭ نەزىرىدە غىل - پال پارلىغان يولباشچىلار، ئۇ دىنى ساھەدىن بولسۇن، ئوقۇغۇچىلاردىن بولسۇن، زىيالىلاردىن بولسۇن، ئىشچى بولسۇن، دېھقان بولسۇن ، تىجارەتچى بولسۇن، كىم بولۇشىدىن قەتئىنەزەر دەرھال تۇتۇپ يوق قىلىندى ۋە ياكى باشقا يامان بەدىنامىلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئابرويىنى چۈشۈرۈپ، جامائەت ئىچىدە سۆزى ئۆتمەس ھالغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەنلىرىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان ساتقۇنلارنىڭ قولى بىلەن، ساتقۇنلارنىڭ ئاغزى بىلەن قىلدى. دېڭىز - ئوكياندا كېتىۋاتقان پارخوت ئۈچۈن كومپاس قانچە مۇھىم بولسا، بىر تەشكىلات ئۈچۈن ، بىر پارتىيە ئۈچۈن، بىر جامائەت ئۈچۈن، بىر مىللەت ئۈچۈن، بىر خەلق ئۈچۈن يول

باشچى شۇقەدەر مۇھىم. يول باشچىلارنى قوغدىيالىغان ئەل، خائىنلارنى جازا لاندۇرالمايدۇ، خائىنلارنى جازالاندۇرۇشنى بىلمىگەنلەر، تەبئىكى يول باشچىلارنى ھىمايە قىلىشنى بىلمەيدۇ. ياخشى يامانىنى پەرق ئېتەلمىگەن قۇۋملەرنىڭ ئاقىۋىتى خارلانماق بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ تەقدىرى خۇددى پۇتبول مەيدانىدا ئىككى گۇرۇپ ئوتتۇرىسىدا تېپىپ ئوينىلىدىغان پۇتبول توپىغا ئوخشايدۇ. پۇتبولنى ئوينىغانلار چىمپىيون بولۇپ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە مۇكاپات لىڭگىسىنى ئالغاندا بولسا، زەربىدىن يىرتىلغان توپ ئەخلەتلەر ئارىسىدا ياتقان بۇلىدۇ. ئەسىر مىللەت، دۈشمىنى ئالدىدا خار، دوستى ئالدىدا ئىتىبارسىزدۇر. مەزلۇم خەلقىنىڭ كۆز يېشى زالىم دۈشمەنىنىڭ يۇرىگىنى يۇمشىتالمىغىنىغا ئوخشاش ، دوستلىرىنىڭ ھىس ـ تۇيغۇلىرىنى تەسىرلەندۈرۈشتىمۇ كۈچسىز قالىدۇ، بىز، مىللەت سۈپىتىدە بۇ دۇنيادا ياشاشنى خالىساق، ئۆزىمىزنى تەھلىل ـ تەتقىق قىلىشىمىز، خاتالىقىمىزنى تۈزۈتىشىمىز لازىم بۇلىدۇ. قۇللۇق روھىدىن قۇتۇلىشىمىز ئۈچۈن، روھىمىزنى مەس قىلغۇچى مىكروپلاردىن قۇتۇلىشىمىز لازىم، بۇ، مىكروپلار مىللى خائىنلاردۇر. ئۇلارنى رەھىمسىزلەرچە تازىلىماي تۇرۇپ بىرلىكنى تەمىن ئېتىش، مىللى ئىرادىنى تۇرغۇزۇش مۇمكىن ئەمەسلىگىنى كۆپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بەدەللەرھساۋىغا كەلگەن تەجرىبىلەر بىلەن ئۆگەندۇق. ئەمما، مىللەتكە، ۋەتەنگە قىلغان خىيانىتىدىن پۇشمان قىلىپ، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى خەلققە، ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش ئارقىلىق تۈزۈتىشنى ئارزۇ قىلغانلارنى ئەلبەتتە خەلق كەچۈرىدۇ. بىز، بىرمۇ ئادەمنىڭ دۈشمەن تەرەپتەقېلىشنى خالىمايمىز. تۆمۈردا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتار، تاجىك ..... قېنى بولغانلار ئىچىدە خىتايغا ساداقەت بىلەن خىزمەت قىلغانلارمۇ، خىتتايلار تەرىپىدىن يەكلەندى. تۆۋەن كۆرۈلدى. كۆزگە ئىلىنمىدى. قورچاق ئورنىدا قوللىنىلدى. ئۆزىنىڭ كىملىگىنى ھىس قىلغانلارنى يەنىلا قوينىمىزغا ئالىمىز. بىزنىڭ كەچۈرمەيدىغانلىرىمىز، ۋەتەننى، مىللەتنى، خەلقنى ھاياتى بۇيىچە ئەيشى-ئىشرەت ئۈچۈن پۇل ئورنىدا خەزلىگەنلەر ۋە خەزلەشتە چىڭ تۇرغان خائىنلاردۇر.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىق يولىدىكى دەۋرى بۆلگۈچ ئىنقىلاپ ـ بارىن ئىنقىلاۋى

بارىن ئىنقىلاۋى تۆمۈر سىپىل ئىچىدە 40 يىل قۇللۇق ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ، قۇل بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، قەلبىدە ئازاتلىق، مۇستەقىللىق ئارزۇسىنىڭ ئۆچمىگەنلىكىنىڭ ۋە ئۆچمەيدىغانلىقىنىڭ قەتئى سىگنالىنى بەردى. بارىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىڭلارچە ئۇيغۇر يېزىسىدىن بىرسى، خىتايلارنىڭ تەبىرى بىلەن «تامچە سۇدا قۇياش نۇرىنىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ». بارىن ئىنقىلاۋى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ «بىز تېخى ھايات، بىزگە ئازاتلىق كېرەك» دېگەن ساداسىنى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يەتكۈزگەن بىر ئىنقىلاپ بولدى.

مەرھۇم مۇجاھىد، قەھرىمان شەھىدىمىز زەيدىن يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرى دىنى، ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن ئۆزىدىن مىليون ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى چىقىپ، جىھاد قىلىشنىڭ، شەھىد بولۇشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. بۇ ئىنقىلاپتىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىق يولىدا قايتىدىن ئويغاندى ۋە ئۆزىنى تەرتىپكە سالدى. ۋەتەننىڭ شان ـ شەرىپىنى، مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى قوغداپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىشى ئۈچۈن بارىنىڭ يولىنى تاللاشتىن باشقا يول يوقلۇقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

ئەمما مىللەتپەرۋەرلەر، كىچىك بىر يېزىدىن بىر نەچچە يۈز ياكى بىر نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ چىقىپ، گىگانت تاغدەك كۆرۈنۈپ تۇرغان خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈشىدىن مەمنۇن بولمىدى. ھەتتا خېلى ئەقىللىق جايىدا ۋەتەنپەرۋەر كۆرۈنگەن كىشىلەرمۇ« تۇخۇمنى تاشقا ئۇرۇشنىڭ پايدىسى يوق »، « قوراللىق ئىنقىلاپ نەتىجە بەرمەيدۇ، ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز»، « مىللىتىمىزنىڭ بېشىغا تېخىمۇ مۇسىبەت كېلىدىغان بولدى» دېگەنگە ئوخشاش تەسلىمچىلىك پىكىرلەرنى قىلىشتى.

قېنى شۇلاردىن سوراپ باقايلى، مىللىتىمىز، خەلقىمىز قۇربانلىق قويغا ئوخشاش سۈكۈت قىلىپ تۇرغان چاغلاردا كۆپ ئۆلدىمۇ؟ ياكى قولىغا قورال ئېلىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن چاغدا كۆپ ئۆلدىمۇ؟ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغان چېغىمىزدا بېشىمىزغا مۇسىبەت كۆپ كەلدىمۇ؟ ياكى ئۆلۈمدىن ئۆزىمىزنى قوغدىغان چاغدىمۇ؟ دۈشمەن ئالدىدا قولدەك بېشىمىزنى ئېگىپ تۇرغان زامانلاردا مىللى ئىتتىپاقىمىز بولدىمۇ؟ ياكى يىگىتتەك بېشىمىزنى تىك تۇتۇپ، غۇرۇر بىلەن دۈشمەننىڭ كۆزىگە قادالغان چاغلاردا مىللى ئىتتىپاقىمىز بولدىمۇ؟ ئالدى بىلەن بۇلارنى

ئويلىشىمىز لازىم. بىز ئويغۇرلاردا « داۋاگەر سۈس بولسا، قازى مۇتتەھەم بوپتۇ » دەيدىغان گەپ بار. تارىخنى، بولۇپمۇ يېقىنقى تارىخنى ياخشى ئەسلىشىمىز لازىم. بولۇپمۇ كوممۇنىستلارنىڭ يۇرتىمىزغا ئاياق باسقان شۇ 50 يىلغا يېقىن ۋاقىتتىكى ئەمىلىيەتنى تەھلىل قىلىشىمىز لازىم. بىز قانچە كۆچسىز ۋە مۇلايىم بولغان زامانلىرىمىز دۈشمەن شۇ قەدەر ۋەھشىلەشتى. 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئىشخالىيەتچى كوممۇنىست ئارمىيەسىنىڭ قوماندانى ۋاڭجېن «بىز شىنجاڭ خەلقىگە قەرز تۆلىگىلى كەلدۇق. گومىنداڭ قىلغان زۇلۇمنىڭ قەرزىنى بىز تۆلەيمىز» دېگەن ئىدى. «شىنجاڭغا ياردەم» شۇئارى بىلەن كەلگەن ئىدى. كوممۇنىست ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا كىرمەستىن بۇرۇن، ئۇلارغا شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى توغرىسىدا تەپسىلى ۋە سېستىمىلىق دەرس ئۆتۈلگەن ئىدى. يەرلىك خەلقنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھۆرمەتسىزلىك كۆرسەتكەنلەرگە ئېغىر جازا بېرىلىدىغانلىقى ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدى. گەرچە شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇھىم يولباشچىلىرى ئايروپىلان ھادىسى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، جۇڭگولۇقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر قالغان مىللى ئارمىيە كادىرلىرى جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ھەقىقەتەن ھۆرمەتلەنگەن ئىدى. جۇڭگو

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ھاكىمىيىتى يەرلىك خەلقنى خاپا قىلىپ قويىدىغان ھەرقانداق ھەركەتكە دىققەت قىلاتتى. نىمە ئۈچۈن؟ چۈنكى خىتاي ھاكىمىيىتىنى شۇنداق ئېھتىياتلىق مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان، ياخشى قورallانغان 40 مىڭ كىشىلىك شەرقىي تۈركىستان مىللى ئارمىيەسى بار ئىدى. ئەگەر جۇڭگو ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاندا بىر قەدەمنى خاتا باسسا، مىللى ئارمىيەنىڭ جىم تۇرمايدىغانلىقىنى ھىساپقا ئالغان ئىدى. خىتاي ئەمەلدارلىرىنى بۇ مىللەتكە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا مەجبۇر قىلغان بۇ ئارمىيە ئىدى. ۋاھالەنكى، مىللى ئارمىيەنى ئۆز قوشۇنلىرى ئىچىگە تارقىتىپ، ئارمىيەنىڭ بىكار قالغان قوماندانلارنى ئۆستۈرۈش باھانىسى بىلەن كەسىپ ئالماشتۇرغۇزۇپ، مىللى ئارمىيەنىڭ تىزگىنىنى تامامەن كونترول ئاستىغا ئالغاندىن كېيىن، كوممۇنىست خىتايلىرىنىڭ سەمىمىلىكىگە ئىشەنگەن مىللى يولباشچىلىرىمىز، ئالدىراپ خوشال بولغان زىيالىلىرىمىز ۋە ئاق كۆڭۈل خەلقىمىز يەنە بىر قېتىم قاپقانغا چۈشكەنلىكىنى ھىس قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى ئارمىيەسىز خەلق، چۈپانسىز پادا دىمەكتۇر.

ۋاھالەنكى، خەلق ئىچىدە ئىمانى، ھۆرمىتى بار، ئەقىللىق، قابىلىيەتلىك، ئەڭ مۇھىمى ۋىجدانلىق ۋە غۇرۇرلۇق مىللى يول باشچىلارنى ۋە جامائەت ئەربابلىرىنى تىزىملاتقۇزۇپ ئاستا ـ ئاستا ئۆلارغا

جىنايى ئارخىپ تۇرغۇزۇشقا ۋە ئەنئەنىۋى خىتاي ئۇسۇلى بىلەن بىرىمىزنى، بىرىمىزگە سالغىلى باشلىدى. 59 ـ يىلغىچە بىرقانچە سىياسى ھەركەت بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان پۈتۈن قىممەتلىك ئادەملىرىمىز يوقۇتۇلدى. ھايات قالغانلىرىمۇ مىللەتتىن ئۇزاق تۇرمىلارغا تاشلاندى. شەرقىي تۈركىستاندا بۇ ۋەتەننىڭ، بۇ مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى، شان ـ شەرپىنى قوغدايدىغان ئەلەم ۋە قەلەمدىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك كۈچنى تامامەن يوقۇتۇپ بولغانلىقىغا قانائەت ھاسىل قىلغان جۇڭگۇ ھاكىمىيتى ، يۈزىدىكى چۈمپەردىنى يىرتىپ تاشلىدى. بۇ مىللەتكە راۋا كۆرگەن زۇلۇم، ھاقارەتنىڭ ھىچ بىرىنى ئاياپ ئولتۇرمىدى. 59 ـ يىلدىن باشلاپ جۇڭگۇ كۆچمەنلىرى كەلگۈن كەبى يۇرتىمىزغا ئىقىپ كىلىشكە باشلىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاشلىقلىرى جۇڭگۇغا توشۇپ كىتىلگەنلىكتىن يۈزمىڭلارچە ئادەملىرىمىز ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. ھەتتا كۆمۈشكە ئۈلگۈرەلمىگەن نۇرغۇن جەسەتلەر تاغلاردا، ئىتىزلاردا قاغا، قۇزغۇنلارغا، ئىتلارغا يەم بولدى. پەقەت باي ناھىيىسىدە 20 مىڭ ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلدى. جۇڭگۇ ھاكىمىيتى، بۇنى ئاز دەپ خەلقىمىزنى كۈندە 18 سائەت ئىشلىتىپلا قالماي، دىنىمىزنى، مىللى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىزنى، تارىخىمىزنى ئاشكارا رەت قىلىشقا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى. شەھەر ئاھالىلىرى زورلۇق بىلەن يېزىلارغا چىقىرىلىپ، شەھەرلەر يېڭى كەلگەن جۇڭگۇ كۆچمەنلىرى ئۈچۈن بوشىتىلدى. جۇڭگۇ ھاكىمىيىتىنىڭ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان نەپرىتى، ئىنتىقام تۇيغۇسى ھەر كۈن بىر پەللە كۆچەيمەكتە ئىدى. 1944 ـ يىلى غۇلجىدا قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولغان ئىلى، چۆچەك، ئالتاي خەلقى ئەڭ ئېغىر ھەربى تىرور ئاستىدا قالدى. ۋە ئاستا ـ ئاستا ۋەتەننى تەرك ئېتىپ غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. بۇ كۆچۈشنى يېتەرسىز ھىساپلىغان بېيجىن ھاكىمىيىتى 62 ـ يىلى قورال كۈچى بىلەن پۈتۈن خەلقنى يۇرتىنى تاشلاپ كېتىشكە زورلىدى. بىر ئاي ئىچىدە يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئىنسان پەقەت بىرلا جېنىنى ئېلىپ غەربىي تۈركىستانغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. 1944 ـ يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدىن خىتايلار ئەنە شۇنداق رەھىمسىز ئىنتىقام ئالدى. بوش قالغان شەھەرلەر، بوش قالغان يېزا ـ يايلاقلار، بوش قالغان ئۆيلەر خىتاي كۆچمەنلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. مىللى غۇرۇرىمىزنى يوق قىلىش، مىللى مەۋجۇتلىقىمىزنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ئېلىپ بېرىلغان سىياسى ھەركەتلەر بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا بولسا

سۈنئى «بۆلگۈنچى، ئەكسىل ئىنقىلاپچى» تەشكىلاتلىرىنى ياساپ چىقىپ، ئىلگىركى يىگىرمە يىللىق سىياسى ھەركەتلەردە خەلىمۇ - خىل سەۋەپلەر بىلەن ئامان قالغان، خىتايلارنىڭ تەبىرى بىلەن «توردىن چۈشۈپ قالغان» زىيالىلىرىمىز ۋە يېڭى يېتىشكەن ۋەتەنپەرۋەر ياش ئەۋلاتلىرىمىزدىن نۇرغۇن كىشى تۇرۇپ، قىيناپ ئۆلتۈرۈلدى. ھايات قالغانلىرىمۇ تۈرمىلەردە مەنىۋى ۋە جىسمانى جەھەتتىن ئېغىر زەربىلەرگە ئۇچرىدى.

1970 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە بىر كۈن ئىچىدە 74 ئادەمنىڭ ھېچ سوتسىز ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىشى دۆلەت تىرورىنىڭ يۇقۇرى پەللىسى ئىدى. لېكىن، مەن، بارىن ۋەقەسىنى ئەيىپلىگەنلەردىن سوراپ باقاي، خەلقىمىز بىرمۇ زۇلۇمكار خىتاينى ئۆلتۈرمىگەن، خىتاينىڭ يوق قىلىش سىياسىتىگە ھېچ قارشىلىق بىلدۈرمىگەن، قوينىڭ قوزىسىدىنمۇ مۇلايىم تۇرۇۋاتقان بىر ۋاقىتتا، خىتاي ھاكىمىيتى نېمىشقا شۇ قەدەر ۋەھشىلىشىپ كەتتى؟ نېمىشقا شۇنچە كۆپ ئادەمگە زىيان سالدى؟

بىزنىڭ بۇ سۇئالىمىزغا نىسبەتەن بەزىلەر، سىياسى ھەركەتلەر پۈتۈن جۇڭگۇنىڭ ھەممە يېرىدە ئوخشاش ئېلىپ بېرىلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا خىتاي خەلقىمۇ ئوخشاش زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، دېيىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەملىيەت بولسا ئۇنداق ئەمەس. خىتاي خەلقى پەقەت سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭلا زۇلۇمىنى چەكتى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولسا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭلا زۇلۇمىنى چېكىپ قالماستىن، بىر مىليارتتىن ئارتۇق جۇڭگولۇقنىڭ ئېغىر ئىقتىسادى يۈكىنى بىرلىكتە كۆتۈرۈشكە مەجبۇر قىلىندى. بۇنى ئاز دەپ، يۇرتنى جۇڭگولۇقلارغا تارتقۇزۇپ قويۇشتىن باشقا ھېچبىر گۇناھى بولمىغان بۇ خەلقنىڭ باشقا مىللەتتىن بولۇشىنىڭ ئۆزى بۇلارغا كەچۈرۈلمەس جىنايەت بولۇپ تېگىلدى.

1957 - يىلى جۇڭگونىڭ قايسى يېرىدە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى سىياسى ھەركەت ئېلىپ بېرىلدى؟ پەقەتلا شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىلدى. جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ئىچكى مۇڭغۇلىيەدىمۇ بۇ خىل ھەركەت ئېلىپ بېرىشقا خىتايلار جاسارەت كۆرستەلمىدى. تىبەت بولسا، ئۇ يىللاردا تېخى جۇڭگولۇقلار ئاياق باسمىغان بىر زېمىن ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خىتاي ئەمەلدارلىرى ئۇۋ ئۇۋلايدىغان ئىگىسىز بىر ھايۋانلار باغچىسىغا ئايلاندى.

شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتار..... قاتارلىق يەرلىك خەلق زىيالىلىرىدىن، دىنى ئەربابلىرىدىن، جامائەت ئەربابلىرىدىن يۈز مىڭلارچە ئادەم كۆرەشكە تارتىلدى. ھېچبىر سەۋەپسىز

« ھەيۋەسنى چۈشۈرىمىز » دەپ ئۆرۈلدى، سۇقۇلدى. كىشىلىك ھوقۇقى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىندى. نەچچە ئون مىڭ ئادەمگە يەرلىك مىللەتچىلىك قالپىقى كەيدۈرۈلدى. چوڭ خەنزۇچىلىق(مىللەتچىلىك) بىلەن ئەيىپلىنىپ جازالانغان ياكى قالپاق كەيگەن بىر خەنزۇ بارمۇ؟ بولسا ئۇ كىم؟ بىرنى بولسىمۇ پاكىت سۈپىتىدە كۆرسىتىپ باقسۇن قېنى؟! 59 - يىلى باشلانغان « شيۇجىڭجۇيىچىلىققا قارشى كۆرەش » تاكى ماۋزىدۇڭ ئۆلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى. يەرلىك مىللەت خەلقلىرىدىن شيۇجىڭجۇيىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن سان - ساناقسىز ئادەم شيۇجىڭجۇيىغا باغلىنىپ جازالاندۇرۇلدى. ئەمما بۇ جىنايەت بىلەن ئەيىپلىنىپ جازالانغان بىر خەنزۇ بارمۇ؟ 79 - يىلدىن كېيىن جۇڭگو، ماركسىزىمنى دەسسەپ ئۆتۈپ ئاستا، ئاستا دۇنيا رىئاللىقىنى كۆرۈشكە، جۇڭگونىڭ پۈتۈن سىياسەتلىرى تىز سۈرئەت بىلەن ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئەمما بېجىنىڭ ئۆزگەرمىگەن بىرلا سىياستى بار. ئۇ بولسىمۇ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى جاھىل، يوقسۇل قالدۇرۇپ يوق قىلىش. يۈرىگىنى مۇجۇپ تۈرۈپ يوق قىلىش. « چەتئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر » قىلىپ تۈرۈپ يوق قىلىش. مەجبۇرى تۇغۇت كۈنترولى باھانىسىدا ئۆلتۈرۈپ يوق قىلىش، ئاتوم بومبىسىنىڭ زەھەرىدە زەھەرلەپ يوق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



قىلىش، بايلىقىنى بۇلاپ يوق قىلىش، جۇڭگولۇق كۆچمەنلەر كەلكۈنى ئىچىدە ئېرىتىپ يوق قىلىشتىن ئىبارەت سىياسىتىدە پىرىنسىپ جەھەتتىن ھېچ ئۆزگۈرۈش بولغىنى يوق. ئەگەر ئۆزگۈرۈش بار دېيىلسە، ئۇ، ئۆزگۈرۈش جۇڭگو ھاكىمىيىتى 50 - يىلدىن 80 - يىلغىچە «شىنجاڭغا ياردەم» دېگەن شۇئارى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ قېنىنى شوراپ، قايمىقىنى يېگەن بولسا، 80 - يىلدىن كېيىن «شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش» شۇئارى ئاستىدا، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، خەلقىنى تامامەن رەت قىلىش ئاساسىدا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ئەڭ نومۇسسىز ۋاستىلىرىنى قوللىنىش بىلەن خىتاي كەلكۈنىنىڭ يەرلىك خەلقنى ئۆلۈمگە قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىدۇر. بۇقەدەر ئېغىر مىللىي بېسىم، مىللىي نەپرەت، مىللىي ئۆچمەنلىك يەرلىك خەلققە نىسبەتەن دۆلەت تەرىپىدىن ئەللىك يىلدىن بېرى يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە، بارىن ۋەقەسىدەك ئىنقىلاپلارنىڭ پارتىلىشىنى غەلىتىلىك ھېس قىلغانلار قايسى مىللەتتىن بولسا بولسۇن، ئۇخىل ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنسان يۈرىگى بارلىقىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بۇيەردە شۇنداق بىر مىسال كەلتۈرۈشنى ئۇيغۇن كۆرۈۋاتىمەن؛ يۈزمىڭ كۇپ سۇ سىغىدىغان بىر سۇ ئامبىرىغا، سىغىپ كىتەر، دەپ يۈزمىڭ بىر يۈز كۇپ سۇ تولدۇرسىڭىز تەبئىكى

ئۇ، سۇئامبىرىنىڭ سۈيى تېشىپ كېتىدۇ. ئېغىرلىق كۆتۈرىدىغان بىر دۇنيا چېمپىيونى 250 كىلو ئېغىرلىقنى كۆتۈرۈپ دۇنيا چېمپىيونى بولغان بولسا، ئۇ ئېغىرلىقنى 251 كىلو قىلىپ قويسىڭىز، ئۇ 251 كىلو ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەيدۇ. بىر كىلو ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ. ئىنساننىڭ سەبرى كۈچىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، تاقەت - چىدام كۈچى چېكىگە يەتكەندە، چىداشقا تاقەت قالمىغاندا ھەرقانداق ياۋاش ئادەممۇ بىر ئىنكاس كۆرسىتىدۇ. بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ شۇنداق، شىڭ شى سەينىڭ تەدبىرى بىلەن ئېيتقاندا ئالتۇن تاۋاق بىلەن تىلەمچىلىك قىلىۋاتقان خەلق دۇنيادا ئەڭ كۆپ يەرئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلىرى بولىشىغا قارىماي، دۇنيادا ھېچ بىر مىللەت كۆرمىگەن يوقسۇللۇقنىڭ دەردىنى تارتىۋاتىدۇ، ئاسارەتكە چۈشكەن تارىختىن بېرى ھېچقانداق سىياسى ھەق - ھوقۇققا ئىگە بولالمايلا قالماستىن، بۇ ھاقارەت، خورلۇقلارنى ئازكۆرۈپ قىلغانلىرى ئۈچۈن «گۇڭ چەنداڭغا رەخمەت» دېگۈزۈپ مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ چىداشقا تاقىتى قالمىغانلىقىنىڭ ئىنكاسىنى بارىن كۆرسەتتى. مىللى ئىپتىخارىمىزۋە غۇرۇرىمىز بولغان بارىن شېھىتلىرى بۈگۈن تۈرمىلەردە ئازاپلىنىۋاتقان قەھرىمان ۋەتەن ئوغلانلىرى، قەھرىمان تالىپلىرىمىز، بەزى «ئەقىللىق» ۋەتەنپەرۋەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



زىيالىرىمىزنىڭ دىگىنىگە ئۇخشاش خىتاي ھۆكۈمىتىگە قۇراللىق قارشى چىقىشنىڭ « تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاندەك ئىش » ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈملەر بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى بىلمەسمىدى؟

مىللى قەھرىمانىمىز مەرھۇم زەيدىن يۈسۈپ ( ئاللا ياتقان يىرىنى جەننەت قىلسۇن ! ) ۋە ئۇنىڭ مۇجادىلە سەپداشلىرى بۈگۈنكى جۇڭگو كومىمۇنىستىنىڭ پارتىيىسىنىڭ بىرمىلياتتىن ئارتۇق ئىنسانىنى ئىدارىسى ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قولىدا 450 ئاتوم بومبىسى بارلىقىنى، 3 مىليون ئەسكىرى بارلىغىنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقى قۇراللىنىپ چىقسىمۇ، بۈگۈنكى خىتاي ئەسكىرى كۆچىگە تەڭ كىلىشىنىڭ قۇلاي بولمايدىغانلىغىنى بىلمەسمىدى؟ ئۇلار ھەممىنى بىلەتتى، ئۇنداقتا بىلىپ تۇرۇپ نىمىشقا ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە ئاتتى؟ سەۋەبى: بۇ مىللەتنىڭ، بۇ خەلقنىڭ قۇرت ـ قوڭغۇز ئەمەسلىگىنى، ئىنسان ئىكەنلىكىنى، بوزەك قىلسا ئاچچىقى كىلىدىغانلىقىنى خىتاي ھاكىمىيتىگە چۈشەندۈرمەكچى بولدى. بۇ، مەقسەتنى چۈشەندۈرۈشنىڭ باشقا ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى باشقىلار تەرىپىدىن سىنالغان ئىدى. ئەمما، خىتاي ھاكىمىيتى مەقسەتنى چۈشەنگىلى ئۇنىمىغان ياكى ئېتىۋار قىلمىغان ئىدى. بارىن ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلى بىلەن بۇ مەقسەتنى چۈشەندۈردى. خىتاي

ھاكىمىيىتىمۇ چۈشەندى، يەنى ، ئۇيغۇرئانىلىرى ھەرزامان « لەببەي » دەپ ئەمىر كۈتۈپ تۇرىدىغان قۇللارنىلا ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆلۈشنى ۋە ئۆلتۈرۈشنى بىلىدىغان، ۋۇجۇدىدا ئەركەك تۈكى بار ئوغۇل بالىلارنىمۇ تۇغىدىغانلىقىنى چۈشەندى. گەرچە 80 ـ يىلدىن بىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر ـ يېرىدە بۇ خىل ھەركەت ۋە ئىنقىلاپلار كۆپ يۈز بەرگەن بولسىمۇ ــ تەسىرى جەھەتتىن بۇ قەدەر كۈچلۈك بولمىغان ئىدى. بارىنىنىڭ ئۈچ خىل تارىخىي تەسىرى بار.

1ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە بولغان تەسىرى.

1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىپ كەلگەن خىتاي كومىمۇنىست ئارمىيەسى شەھەر ـ شەھەر، يېزا ـ يېزىلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. ئەنە شۇ چاغدا بارىنغىمۇ، بارىنغا ئوخشاش كۆپ يېزىغا بۇ خىزمەت گۇرۇپپىلىرى كەلگەن ئىدى. «بىز سىلەرنى ئازات قىلغىلى كەلدۇق» دەپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇرغاندا، يېزا خەلقى چاۋاك چېلىپ قارشى ئالغان، ئۆيلىرىنى بوشىتىپ ئۇلارغا بەرگەن، يەيدىغان ئەڭ ياخشى تاماقلىرىنى ئۇلارغا بەرگەن. خىتاي ئەسكەرلىرى: «بۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭنىڭ زۇلمى بولمايدۇ، قوسۇغۇڭلار توق، كىيىمىڭلار پۈتۈن، خاتىرجەم ياشايسىلەر» دېگەندە ئاق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆڭۈل بىچارە خەلق خوشاللىقىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان ئىدى. ياشلار بولسا، بۇ خىزمەت گۇرۇپپىسى، ئوتقا كىرسە ئوتقا، سۇغا كىرسە سۇغا كىرىشكە تەييار ھالەتكە كەلگەن. بۈگۈن شۇ ئادەملەرنىڭ باللىرى؛ يەنى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ تەبىرى بىلەن ئېيتقاندا«قىزىل بايراق ئاستىدا تۇغۇلۇپ، قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسكەن» ياشلار قوللىرىغا قورال ئېلىپ، ئاتا - ئانىلىرى قارشى ئېلىپ يۇرتقا باشلاپ كىرگەن بۇ ئارمىيەگە قارشى ئوق ياغدۇردى. قورالLIق كۈچى بىلەن ئۇلارنى يۇرتىدىن ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمى بەدىلىگە نېمىشقا ئۇلارنى ئۆلتۈردى؟ ئاتا - ئانىلىرى ئۈمىت باغلىغان بۇ ئارمىيەگە، بۇ ھاكىمىيەتكە، نېمىشقا ئەۋلاتلىرىدا بۇ قەدەر كۈچلۈك ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت ئويغاندى؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئەقلى بېشىدا بارھەركىم ياخشى بىلىدۇ. بىز ئويغۇرلاردا «يەرگە نېمە تېرىساڭ، شۇنىڭ ھوسۇلىنى ئالىسەن» دېگەن خەلق تەمسىلى بار. قىسقىسى: خىتاي ھاكىمىيىتى ۋەتىنىمىزدە نەپرەت، ئۆچمەنلىك تېرىدى. قارشىلىقىدا يەنە نەپرەت، ئۆچمەنلىك ئالدى ۋە ئالىدۇ. ئىلگىرى ئوتتۇرىغا چىققان ياشلار قەتئى بولمىدى. مەسىلەن: پەيزىۋات ۋەقەسى. پەيزىۋاتتا ئىسيانغا ھازىرلانغان ياشلارنىڭ قولىدا قورال

بار ئىدى. ئەمما يۇرت چوڭلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارغا كەڭچىلىك قىلدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قوللىرىدىكى قوراللىرىنى خىتاي ئەسكەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بەردى ۋە شۇ نەخ مەيداننىڭ ئۆزىدە قوللىرى چەمبەرچەس باغلاندى، ئۇرۇلدى، ھاقارەتلەندى، ئۆلتۈرۈلدى. 16 ياش بىلەن 20 ئارىسىدىكى نەچچە يۈز ياش - ئۆسمۈرنىڭ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. بارىدىكى ياشلار بۇ خىل تەجرىبە، ساۋاقلاردىن دەرس ئالغان ئىدى. ئۇلار«يېتىپ ئۆلمەكتىن، ئېتىپ ئۆلمەك» نى شەرەپ بىلدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن خىتاي ئەسكەرلىرىنى، ئۇلار ئۆلتۈردى. خىتاي ئەسكەرلىرى ھېچ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان زەربىگە ئۇچرىدى. بۇ زەربىنى ھېچ ھەزىم قىلالمىغان خىتاي ئەسكەرلىرى بارىندا ھەتتا بۇشۇكتىكى بوۋاقلارغىمۇ ئوق ياغدۇرۇپ قەتلى قىلدى. دېھقانلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئوق يامغۇرىغا تۇتۇپ غەلۋىر تۆشكىدەك قىلىۋەتتى. خەلقىمىزنىڭ ئۇنتۇلماس قەھرىمان پەرزەنتى زەيدىن يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ مۇجادىلە سەپداشلىرىنىڭ كۆپ قىسمى دۈشمەنگە ئوق ياغدۇرۇپ تۇرۇپ شەھىد بولدى. تىرىك دۈشمەن قولىغا چۈشكەنلەر ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلدى. ياكى ئېغىر جىسمانى جازاغا تارتىلىۋاتىدۇ. قىسقىسى: بارىن ياشلىرى، قۇربانلىق قويدەك ئۆلۈم نۆۋىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



كۈتۈپ تۇرۇشتىن، دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ تۇرۇپ ئۆلۈشنىڭ قانچىلىك شەرەپلىك ئۆلۈم ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت سىگنال بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ۋەتەنپەرۋەر ياش ئەۋلاتلارغا يېڭى، كۈرەش شەكلىگە ئاتلىنىش جاسارىتىنى بېغىشلىدى. بۇ، شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەملىكچى ھاكىمىيەتكە قارشى قەلبىدە غەزەپ - نەپرەت ئۇرغۇپ تۇرغان مىليونلارچە ئىنسانغا ئىلھام ۋە جاسارەت مەنبەسى بولماقتا. دېمەك ئاجىزخەلقىمىز، دۈشمەن قانچىلىك كۈچلۈك بولسىمۇ ئۇنىڭغا زەربە بەرگىلى بولىدىغانلىقىنى، ھەددىدىن ئارتۇق بوزەك قىلىپ كەتكەندە «توختا» دەپ ۋاقىرغىلى بولىدىغانلىقىنى بۈگۈن يەنە بىر قېتىم ئۆگەندى.

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان ۋەزىيىتى مۇددەتسىز پارتلايدىغان بىر بومبىغا ياكى بىرتال سەرەڭگىنى ياندۇرۇپ تاشلىسا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئوت دېڭىزىغا ئايلىنىدىغان پايانسىز ئورمانغا ئوخشايدۇ. بۇ بومبىنىڭ مۇددىتتىن بۇرۇن پارتلىشىنىڭ، بۇ ئورمىنىنىڭ ۋاختسىز ئوت ئېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز. كۈچىمىزنى بېھۇدە ئىسراپتىن ھەر زامان مۇھاپىزەت قىلىشىمىزلازىم. ئەمما بارىن روھى ھەرمىنۇت ئىسىمىزدىن چىقماسلىقى كېرەك.

2 . بارىن ئىنقىلاۋىنىڭ خىتاي خەلقىغە بولغان تەسىرى

شەرقىي تۈركىستانغا ھېچ كەلمىگەن، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بىلمىگە ۋەچۈشەنچىگە ئىگە بولمىغان مىليارت جۇڭگولۇقلار، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللى تەڭسىزلىك ۋە بۇتەڭسىزلىك نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان مىللى زىددىيەتنىڭ قانچىلىك ئېغىر، قانچىلىك خەتەرلىك نوقتىلارغا بېرىپ يەتكەنلىكىدىن خەۋەرسىز، ئەمما، بېيجىن ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بار. شەكىلدە شەرقىي تۈركىستانغا بېرىلگەن ئاپتونومىيە، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن ئەمەس. ۋاڭجىن، ۋاڭ ئىنماۋلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا كەلگەنلەرگە بېرىلگەن ئالاھىدە ئىمتىيازدۇر، شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ يەرلەشكەن، كېلىۋاتقان ۋە كېلىدىغان جۇڭگولۇق بەزى كۆچمەنلەرگە بېرىلگەن ئالاھىدە ھەق ـ ھوقۇقتۇر.

يېقىنقى يۈز يىل ئىچىدە باي بولۇش سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان دۇنيا كۆچمەنلىرى ئامېرىكىغا ئېقىپ بارغىنىغا ئوخشاش، يېقىنقى 50 يىل ئىچىدە باي بولۇش ۋە ھوقۇق تۇتۇش سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان جۇڭگولۇقلار شەرقىي تۈركىستانغا ئېقىپ كەلدى. مەجبۇرى ۋە ئالداپ ئەكەلگەن كۆپ سانلىق كۆچمەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا ئەلبەتتە، بېيجىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھۆكۈمىتىنىڭ تەشۋىق ـ تەرغىباتى بىلەن كەلگەن بۇ مىڭ ـ مىڭ ئىنسانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئارزۇ قىلغان ھۇقۇقتا، ئارزۇ قىلغان بايلىقتا ئىگە بولدى. ئۇلارنى ھۇقۇقتا ئىگە قىلىش، باي قىلىش بەدىلىگە يەرلىك خەلق ھۇقۇقسىز قالدى. يوقسۇل قالدى. بۇلارنى ئاز كۆرگەندەك، شەرقىي تۈركىستانغا دەسلەپتە كەلگەندە ئاجىز، ئۇرۇق ۋە ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقىدەك دەرىجىدە مۇلايىم بولغان جۇڭگولۇقلار، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاۋاسىدا نەپەس ئېلىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاش ـ ئۇزۇقلىرىنى يەپ بىر، ئىككى يىل ئۆتىدۇ ـ دە، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت، يانچۇقىغا پۇل، روھى ھالىتىگە بىر ئۈستۈنلۈك پەيدا بولۇشقا ئەگىشىپ، كۆپ سانلىق كۆچمەن جۇڭگولۇقلاردا بىرخىل پىسخىلوگىيىلىك ئۆزگىرىش پەيدا بولىدۇ. يەنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھاۋاسى، ئاش ـ ئۇزۇقى ئۇلارغا رىئاكسىيە ( گومىلك ) قىلىدۇ. بۇ رىئاكسىيە ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەركەتلىرىدە، بۇ ۋەتەننىڭ ئىگىلىرى بولغان يەرلىك خەلققە نەپرەت، ئۆچمەنلىك ۋە ئۇلارنى تۆۋەن كۆرۈش بولۇپ ئىپادىسىنى تاپىدۇ. نېمىشقا بۇخىل پىسخىلوگىيەلىك كېسەل ئورنىغا چىقتى؟ نېمىشقا دوسلۇق ئورنىغا دۈشمەنلىك، مۇھەببەت ئورنىغا نەپرەت يەر ئالدى؟

يەرلىك خەلقنى ئۇلارنىڭ كۆزىگە، نادان، ياۋايى، قابىلىيەتسىز، شورپىشانە كۆرسەتكەن كۆز ئەينەك، ئۇلارغا بېيجىن ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قىلىنغان ھەدىيەدۇر. « بوزەكنى بوزەك قىلمىساڭ قىيامەتتە سورىقى بار » دىگەندەك جۇڭگو ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن بوزەك قىلىنغان مىللەت، جۇڭگو كۆچمەنلىرى تەرىپىدىن ھەم بوزەك قىلىنىشى نورمال بىر ھالغا كەلدى. بارىن ئىنقىلاۋى جۇڭگودىكى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى بەزى ۋىژدانلىق خەنزۇ زىيالىلىرى ۋە جامائەت ئەرباپلىرىغا ئىنسانلار ئارىسىدا نەپرەت ياراتقۇچىلار نۆۋىتى كەلگەندە ئۆزلىرى ياراتقان نەپرەتنىڭ قۇربانى بۇلىدىغانلىقىنى ئېنىق ھىس قىلدى.

نەپرەت، نەپرەتنى، ئۆلۈم، ئۆلۈمنى باشلاپ كېلىدۇ. بارىن ئىنقىلاۋىدىن كېيىن چەتئەلدىكى جۇڭگو دىمكراتىك ھەركىتىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ چەتئەلدىكى بەزى تەشكىلاتلىرىغا، جۇڭگودا سوتسىيالىستىك تۈزۈم يىقىلىپ، دىمكراتىيەگە ئۆتۈش جەريانىدا شەرقىي تۈركىستاندا خەنزۇ ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىكى بىگۇنا خەلقنىڭ ئۆز - ئارا نەپرەتىدىن قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا تەكلىپلەردە بۇلۇشمۇ تەساددىبى ئەھۋال ئەمەس. زوراۋانلار ھەقىقەتكە ئەمەس كۈچكە تايىنىدۇ، ئەمما زوراۋانلارنىڭ قولىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆچ كەتكەندە، ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقان نەپرەت دېڭىزىدا ئۆزلىرى غەرق بولىدۇ.

بارىن ئىنقىلاۋى بۇ مەنتىقىنىڭ كىچىك بىر سىگنالى سۈپىتىدە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنى زۇلۇمدىن ۋاز كېچىشكە، كۆچمەن خەنزۇ خەلقىنىمۇ بۇ زۇلۇمنى قوللاشتىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەش بىلەن تارىختا ئۇنتۇلماس مەھىپە قالدۇردى.

ئەمما شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتەيكى، ئۇرۇمچىدىكى مىللەتارىست ھۆكۈمەت بىلەن بېيجىن بۇ ۋەقەدىن ھېچ ئىبرەت دەرس ئالغىنى يوق. بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن، ۋاڭ ئىنماۋ بىلەن سۇڭ خەنلىياڭنىڭ بېيجىندە جاڭزېمىن ۋە لىپىڭغا ۋەقە ھەققىدە دوكلات قىلغاندىن كېيىنكى مۇنۇ سۆھبىتىگە دىققەت قىلايلى؛

ۋاڭ ئىنماۋ : شىمالىي شىنجاڭدا خەنزۇ ئاھالىسى نوپۇس جەھەتتىن كۆپ سانلىقنى ئىگەللەيدۇ، شىمالىي شىنجاڭدا ئەبەدىي تىنچلىق قولغا كەلتۈرۈلدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا خەنزۇ ئاھالە نوپۇس جەھەتتە كۆپ سانلىقنى ئىگەللىيدىغان ئەھۋالغا كەلسە، ھېچ بولمىسا 50 % پىرسەنتكە يەتكۈزۈلسە پۈتۈن شىنجاڭدا ئەبەدىي تىنچلىقتا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

لىپىڭ : پىلانىنى سىلەر تۈزۈڭلار، كېرەكلىك ياردەمنى بىز قىلىمىز...... بىز بۇ سۆھبەتتىن شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، جۇڭگو ھاكىمىيىتى مەسىلىنى

ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى شەرقىي تۈركىستاندا خەنزۇ ئاھالىسىنىڭ سان جەھەتتىن مۇتلەق كۆپ سانلىقنى ئىگىلەشكە باغلايدۇ. مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي تەڭسىزلىك، يىلدىن - يىلغا ئېغىرلىشىۋاتقان يوقسۇللۇقنى ھەل قىلىش ئۇلارنىڭ ئەقلىنىڭ بىر بۇرجىكىگىمۇ كىرىپ قويغىنى يوق.

ۋەتەندىكى ۋە ۋەتەن سىرتىدىكى بەزى شەرقىي تۈركىستانلىقلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مەسىلەرنى ھەل قىلىشغا ئۈمىت بىلەن قارىماقتا. بىز ئۇلارنىڭ بۇ خام - خىيالىدىن ۋاز كېچىش ئۈچۈن بۇ پاكىت يېتەرلىك دەپ سانايمىز. كوممۇنىستىك پارتىيە جۇڭگودا قەبرىگە كۆمۈلمەستىن تۇرۇپ، نە جۇڭگو خەلقى ئەركىنلىككە ئېرىشىشى. نە جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ھوقوقلىرىنى قولغا ئېلىش يولى ئېچىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

3 - بارىن ئىنقىلاۋىنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان تەسىرى

بۈگۈن دۇنيادا، جۇڭگو، شىمالى چاۋشەن ۋە كۇبادىن باشقا ئىنسان ھوقۇقى مەسىلىسىنى دۆلەتنىڭ ئىچكى مەسىلىسى دەپ قارايدىغان بىرمۇ دۆلەت قالمىدى. بارىن ئىنقىلاۋى ئەينى زاماندا شەرقىي تۈركىستانلىق ئىنسانلارنىڭ ھەق - ھوقوقىنى ئاياق ئاستى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىلىشقا قارشى ئىسيان بىرلىكىنى ئۈچۈن، دۆلەت
دىكتاتورىسىغا قارشى خەلق نارازىلىقىنى بىلدۈرۈشتە بۇ
خىل ئىسياندىن باشقا قانۇنى بىر يولنىڭ ھەم يوقلۇقىنى
ياخشى بىلگەن دۇنيا جامائىتى، بولۇپمۇ پۈتۈن دۇنيادا
كۈچلۈك تەسىرى بار مەتبۇئات تېلېۋىزور ئىستانسىلىرى
بارىن ئىنقىلاۋىنى ئەڭ ئازدىگەندە ئىككى ئاي ئەتراپىدا
دۇنيانىڭ كۆز تەرتىۋىدە تۇتتى. بارىن ، يېقىنقى 50
يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننى دۇنياغا تونۇتۇشتا،
شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى دۇنيا كۆز تەرتىۋىگە
قويۇشتا پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ھەركەت
بولدى. ئامېرىكا، ئەنگىلىيە، فىرانسىيە، گېرمانىيە،
روسىيە، ياپونىيە، شياڭگاڭ، تەيۋەن، تۈركىيە، سەئۇدى
ئەرەبىستانى، ھىندىستان قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا،
شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىققا بولغان ئۈمىت،
ئىشەنچىسىدىن تېخىچە ۋاز كەچمىگەنلىكىنى يېزىپلا
قالماستىن، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ 20 ـ ئەسىردە
ئىككى قېتىم دۆلەت قۇرىغانلىقى، دۆلەتلىرى يىقىلغاندىن
كېيىنمۇ، مىللى دۆلەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن
قىلغان ئىنقىلاپ تارىخلىرىنى تەپسىلى تونۇشتۇردى.
بولۇپمۇ، تۈركىيەدە يىگىرمىدىن ئارتۇق چوڭ گېزىتلەر
بارىن ئىنقىلاۋى ھەققىدە ھەركۈنى بىرىنچى
سەھىپىلەردە خەۋەرلەر بەردى. يۈزلەرچە ستون
يازغۇچىلىرى ئۆز گېزىتلىرىدە، بارىن ئىنقىلاۋىغا ئەڭ

يالقۇنلۇق ماقالىلىرى بىلەن مەدھىيە ئوقىدى. گېزىتلەر، ژەيلىن يۈسۈپ باشچىلىقىدىكى شەھىتلەرنىڭ رەسىملىرىنى ئۇنىۋېرسىتېت ئۇرۇپ باستى.

ئىستامبۇل، ئەنقەرە، قەيسەرى شەھەرلىرىدە شەرقىي تۈركىستانلىقلار تەرىپىدىن جۇڭگو مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى ئۇيۇشتۇرۇلغان نامايىشلارغا ئۇنىڭلارچە تۈرك قېرىنداشلار پىدائى بولۇپ قوشۇلدى. مەركىزى لوندوندىكى ئىنسان ھەقلىرىنى قوغدىغۇچى ئالەم شۇمۇل داڭلىق تەشكىلات «كەچۈرۈم تەشكىلاتى» شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاياق ئاستى قىلىنغان ئىنسان ھوقۇقلىرى ھەققىدە پۈتۈن دۇنياغا دوكىلات تارقاتتى. ئامېرىكىدا چىقىدىغان، مىليۇنلىغان ئارتۇق تىراژغا ئىگە «نيۇس ۋىك» (ھەپتىلىك ژۇرنال) بارىن ئىنقىلاۋى ھەققىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىق ھەركەتلىرى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇماتلارنى يازدى. ئۇ ژۇرنالدا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئازاتلىق ۋە مۇستەقىللىققا بولغان ئىشەنچى توغرىسىدا، شەرقىي تۈركىستانغا بارغان بىر ئامېرىكىلىق ساياھەتچى بىلەن قىلغان سۆھبەتنى شۇنداق يازىدۇ: «...... مەن، ئۈرۈمچىنىڭ ئەردوچو دىگەن بازىرىدا كېتىۋاتاتتىم، ئوتتۇرا ياشتىكى بىر ئۇيغۇر كىشى، مېنىڭ ئالدىمنى توسۇپ ئۇيغۇرچە بىر نىملەرنى دىدى، مەن، پەقەت «ئامېرىكا» دىگەن گەپنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاڭلىدىم . باشقا گەپنى ئۇقالمىدىم ، مەن ، خەنزۇچە ، سىزنىڭ گېپىڭىزنى بىلەلمىدىم، دىدىم. سىز خەنزۇچە بىلەمسىز؟ دەپ مەندىن خەنزۇچە سورىدى. بىر ئاز بىلىمەن دىدىم . ئۇنىڭ يېنىدا سەككىز ياشلاردا بىر ئوغۇل بالا بارئىدى. ئۇ، ئادەم ماڭا ؛ سىز ئامىركىلىقمۇ ؟......... سىزگەشۇنى ئېيتىشنى خالايمەن : بۇ يۇرت بىزنىڭ، ئۇلارنىڭ ئەمەس، دەپ يولدا كىتىۋاتقان مىغ - مىغ خەن مىللىتىنى كۆرسەتتى. ئۇلارنى بۇ ۋەتەندىن چىقىرىش يولىدا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ ئوغلۇم مېنىڭ ئورنۇمنى باسىدۇ، مېنىڭ ئىنتىقامىمنى ئالىدۇ. دەپ يېنىدىكى سەككىز ياشلاردىكى بالىسىنى كۆرسەتتى. ئامىركىلىقلار بىزگە ياردەم قىلىسۇن ! دىدى.... مەن، ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار بىلەن خەنلەرنىڭ تىللىشىۋاتقان، مۇشتلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇرلار ئاز بولىشىغا قارىماي، بىر ئۇيغۇر بىر خەن بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، يولدا كېتىۋاتقان باشقا ئۇيغۇرلارمۇ كېلىپ خەننى ئۇرۇشقا ياردەملەشكەنلەرنى كۆردۈم. ئۇيغۇرلار ئازبولسىمۇ، بۇ يەرنىڭ خوجايىنى ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى ھەرزامان خەنلەرگە ھىس قىلدۇرۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ھىس قىلدىم . ...... » دەپ يازىدۇ. گەرچە 1950 - يىلىدىن بېرى يۇرت ئىشىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللى يولباشچىلىرى مۇھەممەد

ئەمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپ تېكىنلەرنىڭ يېتەكچىلىگىدە؛ شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي زۇلۇم ۋە مىللەتنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇش ھەركىتىنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتى بىلەن دۇنيا جامائىتىگە ئاڭلىتىلغان بولسىمۇ، بىرمۇنچە چەتئەللىك دوستلاردا، بۇ قەدەر زۇلۇم بار ئىكەن، بۇزۇلۇمغا قارشى نېمىشقا شەرقىي تۈركىستاندا، دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغۇدەك بىر قارشىلىق ھەركىتى يوق؟ دېگەن سۇئاللار بار ئىدى. بارىن ئىنقىلاۋى؛ يۇرت ئېچىدىكى مىللىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ ھېسسىياتىغا ئەمەس، ھەقىقەتكە ئاساسلانغان ھالدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى دۇنياغا تونۇتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بولۇپمۇ، بارىن ۋەقەسىدىن كېيىن دۇنيا مەتبۇئاتىنىڭ دىققىتى شەرقىي تۈركىستانغا تېخىمۇ مەركەزلىشىشكە باشلىدى.

بارىن ۋەقەسى؛ قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ 1934 - يىلى يىقىلىشىدىن باشلاپ 1963 - يىلغىچە ۋەتەننى تەرك ئېتىپ دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە يەرلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولغان بىر مىليوندىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ. ۋەتەننىڭ تەقدىرى مەسىلىسى ئۈستىدە قايتىدىن بىرىيەرگە جەم بولۇپ ھەرقايسى تەشكىلات ۋەكىللىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى ۋەكىللىرى، ۋەتەن سىرتىدا تۇنجى قېتىم 1992- يىلى 12-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە ئىستامبۇلدا « شەرقىي تۈركىستان مىللىي بۈيۈك قۇرۇلتىيى » نى ئېچىشقا تۈرتكە بولدى.

قەھرىمان بارىن خەلقى ئازاتلىقتا تەلپۈنگەن بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئىپتىخارى، غۇرورى، ئۈلگىسىدۇر.

بارىن ئىنقىلاۋىنىڭ ئەڭ ئىلغار تەرىپى تەشكىللىك ۋە ئۈزۈل ـ كېسىل بولۇشىدۇر. شەھىتلەر ئۆلمەيدۇ. بارىن شېھىتلىرى ئاللاھ ھۇزۇرىدىمۇ ھاياتتۇر، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىمۇ ھاياتتۇر.

مىللىتىمىز ئىچىدىكى تېخى ئويغانمىغان بەزى كىشىلەر شۇنى بىلىشى لازىمكى؛ خىتايدىن قورقۇپ ئەللىك يىل ياشىغان بىر ئادەمگە، خىتاي ھۆكۈمىتى « بىزدىن قورقۇپ ئەللىك يىل ياشىدىڭ، بۇنىڭ مۇكاپىتى ئۈچۈن ساڭا يەنە ئەللىك يىللىق ئۆمۈرنى قوشۇپ بېرەيلى، يۈز يىل ياشا » دەپ كاپالەتلىك بەرىدىمۇ؟ خىتايلاردىن قورققانلارمۇ، ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ ئوخشاش قەبرىلەرگە كۆمۈلدى. تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈش مۇتلەق خۇدانىڭ ئىلكىدىدۇر. ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ھېساپلىغان ھەرقانداق ئادەم بۇ مەنتىقىغە ئىشىنىشى كېرەك. ئەمما، دۈشمەندىن قورقۇپ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا باش ئېگىپ ئاۋازسىز بۇ دۇنيادىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنتۇلۇپ كەتتى.

ئۇنتۇلمىغانلار يەنىلا ۋەتىنى ئۈچۈن، مىللىتى ئۈچۈن، ئېتىقادى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە شەھىت بولغانلار بولدى. بىز بۆگۈن «سادىر دەپ ئېتىم قالدى، بەش بالام يېتىم قالدى.» دەپ ناخشىلارنى ئېيتىمىز. سادىر پەھلىۋان بەش بالىسىنىڭ يېتىم قېلىشىنى بىلىپ تۇرۇپ جەڭگە كىرمىگەن بولسا، ئازادلىق ئۈچۈن ھاياتىنى پىدا قىلمىغان بولسا خەلقىمىز يۈزيىلدىن بېرى سادىر پەھلىۋاننى خاتىرلەپ كېلەمتى؟ نۇزۇگۇم، سادىر پەھلىۋان، غېنى باتۇر، ئوسمان باتۇر، زەيدىن يۈسۈپلەر... مىللىتىمىز بىلەن بىللە ئەبەدى ياشايدۇ. ۋەتەن سۆيگەنلەرنىڭ ئۆمرى ۋەتەنگە ئوخشاش ئۇزۇن ۋە ئەبەدى بولىدۇ.

بىر ۋەتەن، ئۇ ۋەتەننى سۆيگەنلەرگە ئامانەت قىلىندۇ. ۋەتەننى ئۇنۇتقانلار ئۇ، ۋەتەن تەرىپىدىن، ئۇ ۋەتەننىڭ ئەۋلاتلىرى تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇشى تەبئى بىر ھادىسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



## جۇڭگولۇقلار ۋە بىز

شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ۋەتىنى جۇڭگو بولمىغىنىغا ئوخشاش، شەرقىي تۈركىستانمۇ جۇڭگولۇقلار نىڭ ۋەتىنى ئەمەس، بۇپىرىنسىپ جۇڭگولۇقلار تەرىپىدىن ئېنىق بىلىنىشى لازىم. ئېزىلگەن جۇڭگو خەلقى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەمەس، ئۇلارنى ئىنسانچە ياشاش ھوقوقىدىن مەھرۇم قىلغان، ئەسىرلەپ ئۆز يۇرتلىرىدا ياشاپ كەلگەن خەنزۇ خەلقىنى يۇرتلىرىدىن ئايرىپ كۆچۈشكە مەجبۇرلاپ شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي مەنپەت توقۇنۇشى پەيدا قىلغان. مىللىي ئۆچمەنلىك، مىللىي نەپرەت پەيدا قىلغان ھەممىمىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدۇر. جۇڭگو پەلسەپەسىنىڭ ئاساسچىسى كوڭ فۇزى نىڭ پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇرمۇنداق بىر سۆزى بار «ئۆزەڭگە راۋا كۆرمىگەننى، ئۆزگىگىمۇ راۋا كۆرمە» جۇڭگو خەلقى ئۇزۇن ۋاقىت مۇستەملىكچىلەرنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ياشىغان، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ياپۇنلار جۇڭگونىڭ كۆپ قىسمىنى بېسىۋالغاندا جۇڭگو خەلقى دىن، تىل ۋە ئۆرۆپ ئادەتتە ئۆزىگە يېقىن بولغان ياپۇنلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ياشاشتىن،

ئۇلارنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ قېلىشتىن قانچىلىك ھاقارەت ھېس قىلغانلىقىنى ياخشى بىلىمىز. ياپونلار پەن تېخنىكىدا، ساناڭەتتە جۇڭگودىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار « بىز جۇڭگونى ئورتاق گۈللەندۈرگىلى كەلدۇق » دىدى. ئەمما جۇڭگولۇقلار بۇ « گۈللەندۈرۈش » نى قوبۇل قىلمىدى. ئەلبەتتە، جۇڭگولۇقلار ھەقلىق ئىدى. شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيىلىك شارائىتتا جۇڭگودىن تامامەن پەرقلىق. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىتنىك قۇرۇلۇشى، دىنى، مەدەنىيتى، ئۆرۈپ ئادىتى جۇڭگولۇقلاردىن تامامەن باشقا، شەرقىي تۈركىستانلىقلارمۇ جۇڭگونىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى « گۈللەندۈرۈش » نى قوبۇل قىلمايدۇ. ئەينى زاماندا جۇڭگولۇقلارنىڭ ياپونىيەنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى رەت قىلىشى قانداق نورمال ۋە يوللۇق بولسا، بىزنىڭمۇ جۇڭگونىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى رەت قىلىشىمىز شۇنداق نورمال ۋە يوللۇقتۇر.

جۇڭگو خەلقى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەن مىللى زۇلۇمنى، بىزگىمۇ راۋا كۆرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. ئەسكىرى كۈچتىكى ئۈستۈنلۈككە تايىنىپ مۇستەملىكە زىمىنلاردىكى ھاكىمىيەتنى زورلۇق بىلەن داۋام قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت كىلاسسىك تاجاۋۇزچىلىق شەكلى مەدەنى دۇنيا تەرىپىدىن ئاخىرلاشتۇرۇلدى. جۇڭگودا ھاكىمىيەت بېشىغا كېلىشكە ھازىرلىنىۋاتقان دىمكراتىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۈچلەر، جۇڭگودا ھۆرمەتكە ئىگە، ھەققانىيەتنى، ئادالەتنى، تەك ـ باراۋەرلىكنى، تىنچلىقنى سۆيگەن زىيالىلار ۋە جۇڭگونىڭ ھەرتەبىقىگە مەنسۇپ ئىنسان پەرۋەر كىشلىرى ئۇچۇن، جۇڭگو ھاكىمىيتىنىڭ مىللى سىياستىنىڭ جۇڭگولۇقلارغا ۋە جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى خەلقلەرگە ئېلىپ كەلگەن ئېغىر زىيانلىرى ئۈستىدە ئويلىنىدىغان، ۋە پىكىر قىلىدىغان ، يەكۈن چىقىرىدىغان ۋاقتى كەلدى.

1948 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى جۇڭگو رەسمى دائىرلىرىنىڭ سانلىق ئىستاتىكىسىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى خەنزۇ ئاھالىسى 300 مىڭ دەپ يېزىلغان. بۈگۈن 50 يىلدىن كېيىن جۇڭگونىڭ رەسمى سانلىق مەلۇماتىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى خەنزۇ ئاھالىسى 7 مىليۇنغا يەتمەيدۇ، ئەمما نۇپۇسى ئاشكارلانمىغان ئارمىيە، بىڭتۈئەن ۋە شەرقىي تۈركىستاندا نۇپۇسقا يېزىلماي ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاھالىلارنى قوشۇپ سانىغاندىمۇ 12 مىليۇندىن ئاشمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئۆزىچىگراسى ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر مىليات 200 مىليۇن ئەتراپىدىكى جۇڭگو خەلقى، شەرقىي تۈركىستاندىيۈرگۈزۈلۈۋاتقان يەرلىك خەلقنى تارىختىن يوق قىلىش سىياستىدىن ھېچ خەۋىرى يوق. شەرقىي تۈركىستاندا خەنزۇلار بىلەن يەرلىك خەلق ئارىسىدىكى سىياسى، ئىقتىسادى، ھوقوقى تەڭسىزلىك

كەلتۈرۈپ چىقارغان مىللى زىدىيەت، مىللى ئۆچمەنلىك ۋە پات ـ پات ئوتتۇرغا چىقىپ تۇرغان مىللى توقۇنۇش هادىسلىرى جۇڭگوخەلقىگە خاتا تەشۋىق قىلىنماقتا. شەرقىي تۈركىستانغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەن جۇڭگو كۆچمەنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى مەجبۇرى ياكى ئالداش ئۇسۇلى بىلەن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، يەرلەشتۈرۈلگەن خەلقتۇر، بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى جۇڭگو هاكىميتى مۇددەتلىك پارتىلايدىغان بىر بومبىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرماقتا. بو، بومبىنى ئۆز قولى بىلەن ياسىغان باش جىنايەتچىلەر ۋاڭ جىن ۋە ۋاڭ ئىنماۋدۇر. ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ يېقىنلىرى 50 يىلدىن بىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ قايمىقىنى سۈزۈپ يىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى خۇددى بىر هايۋاناتلار باغچىسىدىكى هايۋانلارنى باشقۇرغاندەك باشقۇردى. خالىغاندا ئاچ قويدى ، خالىغاندا سۈرگۈن قىلدى، خالىغاندا باستۇردى، خالىغاندا ئۆلتۈردى. 50 يىل ئىچىدە ۋاڭجىن ۋە ۋاڭ ئىنماۋغا چەكسىز ساداقەت كۆرسەتكەن، ئۆز خەلقىنىڭ قېنىنى قەدەهكە تولدۇرۇپ، ئۇلارغا تەقدىم قىلغان بۇرهان، سەيپىدىن قاتارلىق ئونلارچە قورچاق ئەمەلدار، پەقەتلا مىللەتنى قۇل قىلىشتا ئۇلارنى رازى قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، هوقۇقىدىن يۆتكۈۋېتىلدى. ياكى سۈرگۈن قىلىندى ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگانە ئادرېسى



ئۆلتۈرىلىۋېتىلدى. ۋاكىجىن ۋە ۋاڭ ئىنىماۋنىڭ بۇ جىنايەتلىرىگە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى كۆز يۇمدى. ھەتتا بېجىننىڭ بۇ، قانغا تويماس ئەركى باللىرى نىمە دىسە، ئۇنىڭ دىگىنىنى بىجا كەلتۈردى. بېيجىندە ھېچكىم يەرلىك خەلقنىڭ دەردىگە قۇلاق بەرمىدى. 50 يىلدىن بېرى شەرقىي تۈركىستاندا «ئىنتايىن ئاز سانلىق بۆلگۈنچى»، «بىر ئوچۇم ئەكسىل ئىنقىلاپچى» لارنى يوقۇتۇش «كۈرۈشى» نى بىر كۈنمۇ توختۇتۇپ قويمىدى. ئەمما مىللىتىمىزنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمىدى. ئازاتلىق، ئەركىنلىك ئىستىگەنلەرنىڭ «بىر ئوچۇم» ئەمەسلىگىنى بىر مىللەت، بىر خەلق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا ئۇلارنىڭ غورورى يول قويمىدى. خەلقىمىز ئۆرۈلۈپ - سۇقۇلۇپ تېخىمۇ چېنىقتى، ئىرادىسى تېخىمۇ تاۋلاندى. بىر زەيدىن يۈسۈپنىڭ جېچىلغان قېنىدىن مىڭلارچە زەيدىن يۈسۈپلەر يارالدى. زالىملار قورال كۈچى بىلەن مىللەتنىڭ بوينىنى ۋاقىتلىق ئەگدۈرەلىشى مۇمكىن، ئەمما ئىرادىسىنى ئەگدۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس.

بىزنىڭ مىللى ئىرادىمىز، يوقۇتۇپ قويغان مۇستەقىل مىللى دۆۋلىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، بۇنىڭدىن باشقا ئۇسۇل بىلەن مىللى مەۋجۇدىيتىمىزنى داۋام ئەتتۈرۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

بىز غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مەجبۇر

قالغان بارلىق كۆرەش شەكىللىرىنى قوللىنىشىمىز مۇمكىن. بۇ كۆرەش بىزنى ھايۋان قاتارىدا كۆرگەن ئەكسىيەتچى جۇڭگو ھاكىمىيىتىگە ۋە بۇ ھاكىمىيەتنىڭ ھامىيسى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قىيىنى سۈمۈرۈۋاتقان پارازىت خەنزۇلارغا قارشىدۇر.

باشقا مىللەتنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى رەت قىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللەتچىلىك، ئۇ مىللەتنىڭ ئۆزىنىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەقىقى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بىر مىليارتىن ئارتۇق جۇڭگو خەلقىنىڭ، بىزنىڭ ھەققانى كۆرەشلىرىمىزگە ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىغا، ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىغا ۋە قوللايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. چۈنكى ئىنسان تەبىئتى، ھەقسىزلىققا ئۇچۇرغۇچى كىم بولۇشىدىن قەتئى نەزەر، ئىنسانىيەت تەرەپدارىدۇر. ئەگەر قانچىكى كۆپ ساندىكى جۇڭگو خەلقى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق كۆرۈشىنىڭ ھەققانى ۋە توغرا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتسە، شەرقىي تۈركىستان بىلەن ئازاتلىق ئوتتۇرسىدىكى مۇساپە شۇنچە قىسقىرايدۇ. قان تۆكۈلۈش نىسپىتى شۇنچە ئازلايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## پايدىلىق خەلق ئارا شارائىت

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى 200 يىل ئىچىدە، خەلقىمىزنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگۈلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئەڭ پايدىلىق بولغان شارائىت نۆۋەتتە يارىتىلماقتا. پايدىلىق بولغان ۋەزىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرى شۇلاردۇر.

1 ـ سوۋېت ئىتىپاقىنىڭ ئۆزلىگىدىن پارچىلىنىپ كېتىشى، 1933 ـ يىلى ۋە 1944 ـ يىللىرى شەرقىي تۈركىستاندا قۇرۇلغان مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ياشىشىنى رەت قىلغان ۋە ئاغدۇرۇپ تاشلىغان بىر مۇھىم كۈچ سوۋېت ئىتىپاقى ئىدى.

ئۇۋاقىتتىدا جۇڭگو ھۆكۈمەتلىرىنىڭ ۋەزىيىسى، روس ئەسكىرى كۈچلىرى ۋە جاسۇسلۇق ئورگانلىرى قولغا كىرگۈزگەن شەرقىي تۈركىستان ھاكىمىيتىنى تەسلىم قىلىشلا بولدى. بۈگۈن جۇڭگو ھاكىمىيتىنىڭ زۇلۇمىغا مەرۇز قالغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتايلاردىن بەتتەررەك روسلارغا نەپرەت قىلىشىنىڭ سەۋەبمۇ بۇ.

بۈگۈنكى روسىيەنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، روسىيە ھاكىمىتى ۋە روس خەلقى دۇنيادا « مۇستەملىكچى،

دىگەن قارا داغدىن  ئەبەدى قۇتۇلغانلىقى بىلەن ۋىجدانى راھەت بولماقتا.

بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا ئوتتۇرغا چىقىدىغان مۇستەقىللىق ھەركىتى، روسىيەنى بۆرۈنقىدەك بىئارام قىلمايدىغانلىقى رىئاللىقتا ئۆيغۇن پاكىتقا ئايلاندى.

2 ـ جۇڭگو بىلەن خوشنا ياشاۋاتقان بىرنەچچە دۆلەتنىڭ جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مەسىلىسى ھەل بولغىنى يوق. يەنە بىرنەچچە خوشنا دۆلەتلەر  ھەر دايىم جۇڭگودىن تەھدىت ھىس قىلىپ كەلمەكتە.

جۇڭگونىڭ 50 ـ يىللىرى ياردەم باھانىسىدا كۆرىيەگە ئەسكەر كىرگۈزۈشى كۆرىيە خەلقىنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتكىنى يوق. 60 ـ يىللاردا جۇڭگونىڭ، ھىندىستان چېگرالىرىغا ھۇجۇم قىلىشى، فىلىپىندە ئىچكى تۇپىلاڭ ھازىرلىشى، 70 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتپاقى بىلەن ئۇرۇشقا ھازىرلىنىشى ۋە ۋېتنام، فىلىپىن، مالايسىيا، ھىندونىزىيەلەرگە تەۋە بولغان ئۇششاق ئاراللارنى ئىشغال قىلىپ، بۇ دۆلەتلەرگە تەھدىد يارىتىشى . 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ۋېتنامغا بېسىپ كىرىشى قاتارلىق پاكىتلار جۇڭگو بىلەن خوشنا بولغان بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەرزامان جۇڭگونىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا قارشى سەگەك ۋە تەييار تۇرۇشنى تەمىن

ئەتمەكتە. ئەملىيەتتىمۇ جۇڭگوغا نىسبەتەن ھەر ۋاقىت ھوشيار ۋە ئەسكىرى تەييارلىق بىلەن تۇرماقتا.

3 ـ سوۋېت ئىتپاقىدىن ئۆزمۇستەقىللىقىنى ئالغان قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان ۋە ئەينى زاماندىكى سوۋېت ئىتپاقىنىڭ ھىمايىسىدىكى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى گەرچە جۇڭگو بىلەن بىرمۇنچە دوستلۇق ۋە تىجارەت كېلىشىملىرى ئىمزالىشىغا قارىماي روسىيە بىلەن چېگرالىرىنىڭ قوغدىلىشى مەسىلىسىدە ئەسكىرى شەرتنامە ئىمزالىدى.

جۇڭگونىڭ خوشنىلىرى ئۆچۈن كېلىچەكتە بىر تەھدىد يارىتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى پۈتۈن خوشنا دۆلەتلەر ناھايىتى روشەن پەرق ئېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ياپونىيە، كورىيە ۋە ئۇزاق شەرقتىكى جۇڭگونىڭ خوشنىلىرى ئامېرىكا بىلەن ئەسكىرى ئىش بىرلىكى ئىچىدە بولغان بولسا، موڭغۇلىيە، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان لار ئۆزئارا سەپ بۇيۇنچە ئورتاق چېگرا مۇداپىيەسى كېلىشىمىنى ئىمزالىدى. ھىندىستان بولسا ئەسكىرى تەييارلىق ئىچىدە بولۇپلا قالماستىن، ئاسىيانىڭ تىنىچلىقى ئۈچۈن بىردىن ـ بىر تەھدىد ئامىلى جۇڭگو ئىكەنلىكىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە داۋاملىق ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ بىرى. بۈگۈن دۇنيادا، جۇڭگو، شىمالى كورىيە ۋە كۇبادىن باشقا ھېچ بىر دۆلەت ئىنسان

ھوقۇقى مەسىلىسىنى بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى مەسىلىسى دەپ قارىمايدۇ. چۈنكى دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن ئىنسان، ئىنسانغا خاس ياشاش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشى لازىم، دۆلەت بولغىنى ئۈچۈن ئىنسان بولغان ئەمەس، ئىنسان بولغىنى ئۈچۈن دۆلەت بولغان. ئىنسان ھوقۇقىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى: ھەر مىللەت ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىدۇر. جۇڭگونىڭ پۈتۈن خوشنىلىرى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ھېسداشلىق تۇيغۇسىدا ئىكەنلىكى بىز ئۈچۈن قەدىرلىنىدىغان پۇرسەت. بۈگۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقارا سورۇندا مۇنۇ ئۈچ تەرەپتىن پايدىلىق ۋەزىيەتكە ئىگە.

1 ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقتىن تەركىب تاپقىنى ئۈچۈن، دۇنيادا تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان 200 مىليۇنغا يېقىن خەلق، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ باشقا تۈرۈك دۆلەتلىرىگە ئوخشاش، يۇقۇتۇپ قويغان مىللى دەۋلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، باشقا تۈرك خەلقلىرىگە ئوخشاش ئۆز ۋەتىنىدە ئەركىن، ئازات ۋە باياشات ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۆرەشلىرىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ، قوللايدۇ ۋە قولىدىن كېلىدىغان ھەرخىل ياردىمنى ئايىمايدۇ. بۇ نوقتا شەك ـ شۈبھىسىزدۇر.

2 ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇسۇلمان خەلقدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى



شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىدۇر. دۇنيادىكى بىر مىليارتتىن ئارتۇق مۇسۇلمان خەلق، شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمان خەلقىنىڭ كاپىرلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشى، بارلىق مۇسۇلمان دۆلەتلىرىگە ئوخشاش مۇستەقىل بولۇشنى خالايدۇ. بۇ سەۋەپتىن يەريۈزىدىكى ئىمكان يار بەرگەن بارلىق مۇسۇلمانلار شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئازاتلىق كۆرەشلىرىنى قوللايدۇ. ئىمكانى بارلىرى ياردەم بېرىشى ھەم مۇمكىن. ھەقىقى مۇسۇلمانلار پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. دۇنيادا ئېزىلگەن بىر مۇسۇلمان بولسا پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا جىھاد پەرز ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىدۇ.

3 ـ شەرقىي تۈركىستان، مۇستەملىكچىلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان زېمىندۇر. شەرقىي تۈركىستان خەلقى مۇستەملىكچىلەر تەرىپىدىن ئەڭ قاتتىق ئېزىلىۋاتقان خەلقتۇر.

سانائەت، پەن تېخنىكا ۋە دېمىكراتىيەدە ئەڭ كۈچلۈك بولغان غەرپ دۆلەتلىرى زورلۇق كۈچكە تايانغان مىللى مۇستەملىكچىلىككە ئىنسان ھوقۇقىنى ئاياق ـ ئاستى قىلغۇچى زوراۋان كۈچلەرگە ھەددىنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقان دۆلەتلەردۇ. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى بۇ غەرپ دۆلەتلىرى يېقىنقى يىللاردىن

بىرى، ياۋروپادا بوسنا ھەرسەك مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسىنى تىنچلىق يولىغا باشلىدى. سوۋىت ئىتپاقىنىڭ تارقىلىپ كېتىشى؛ موسكۋانىڭ قول ئاستىدىكى مۇستەملىكىچىلەردىن ۋاز كېچىشى، گېرمانىيەنىڭ بىرلىشىشى، شەرقىي ياۋرۇپا ۋە روسىيەدە كوممۇنىزىمنىڭ ئۆز ئىچىدىن تار - مار بولۇشى قاتارلىق تەرەققىياتلار غەرپ دۆلەتلىرىنى پەۋقۇلئاددە راھەتلەتتى. ئامېرىكا ۋە باشقا غەرپ ئەللىرى جۇڭگونى مەركەز قىلغان ئاسىيا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ۋاقىت ۋە كۈچ ئاجرىتىش ئىمكانىغا ئېرىشتى.

جۇڭگونىڭ ئىنسان ھوقوقى مەسىلىسى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ مەسىلىسى غەرپ ئەللىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھوقوقى مەسىلىسىدىن باشقا غەرپ ئەللىرىنى قىزىقتۇرىۋاتقان ئىككىنچى مۇھىم مەسىلە؛ شەرقىي تۈركىستاندىكى نېفىت، ئۇرانىيۇم، ئالتۇن........ قاتارلىق پەۋقۇلئاددە مول ۋە كۆپ خىل يەرئاستى بايلىقلىرى. بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاننىڭ نېفىتىنى جۇڭگونىڭ ھېچ بەدەلسىز، بىرلا ئۆزى يالماۋۇز كەبى سۈمۈرىۋاتقانلىقى، ئامېرىكىنى ۋە باشقا غەرپ ئەللىرىنى قىزغاندۇرۇۋاتقان مۇھىم بىر ئامىلدۇر.

شەرقىي تۈركىستاندا بىر مۇستەقىل دۆلەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرىسى



قۇرۇلۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۆزبايلىقىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشكەندە، ئىش بېشىغا كەلگەن ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى؛ خەلقنى يوقسۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن يەرئاستى، يەر ئۈستى بايلىقنى ئېچىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش ئىشىنى تېزلىتىش بىلەن بىللە، شەرقىي تۈركىستانغا كۆپ مىقداردا يېڭى پەن - تېخنىكا ئېلىپ كىرىش بولۇدۇ. شەرقىي تۈركىستان كۆپ تاۋار ئىستېمال قىلغۇچى بەخت - سائادەت جەننىتىگە ئايلىنىدۇ. دىمەك تىجارەت پەۋقۇلئاددە جانلىنىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسىگە چەتئەلنىڭ كاپىتالى، ئىلغار پەن - تېخنىكىسى، زامانىۋى ساناائىتى كېرەك، غەرب ئەللىرىنىڭ ئىلغار پەن - تېخنىكىسى، ساناائىتى، كاپىتالىدىن شەرقىي تۈركىستان پايدىلانغىنىغا ئوخشاش، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مول بايلىقلىرىنىمۇ غەرب دۆلەتلىرى پايدىلىنىدۇ. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇسەققىللىقى شەرقىي تۈركىستان خەلقنى خۇشال قىلىپلا قالماستىن، جۇڭگو خەلقنى مۇستەملىكچى دىگەن قارا داغدىن قۇتقۇزۇدۇ. پۈتۈن دۇنيادىكى باراۋەرلىكنى، دوسلۇقنى، تىنچلىقنى سۆيگۈچى خەلقلەرنى مەمنۇن قىلىدۇ.

غەرب ئەللىرنىڭ ئاسىيادىكى باشقا مەنپەئەتلىرىنىمۇ قوشۇپ ھىساپلايدىغان بىرلىڭاق، ئۇلارنىڭ شەرقىي

تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز- تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتىن ئىبارەت غايىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئەلبەتتە تىلەكداشلىق بىلدۈرىدىغانلىقىغا ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە كۈچلۈك بېسىم ئىشلىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## سىياسى كىرزىس ئىچىدىكى جۇڭگو

جۇڭگونىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى كۆزىتىدىغان بولساق، كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزى كومىتېتى جۇڭگونى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئەمما ئاقىۋىتى ئىنتايىن دەھشەتلىك بىر سىياسى ۋە ئىقتىسادى كىرزىسقا باشلاپ كەلمەكتە.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىن بۇرۇن، بۇگۈن بېيجىن ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ ئىچكى مەسىلىسى دەۋاتقان، ئەمما، ئەمىلىيەتتە خەلقارالىق مەسىلىگە ئايلانغان تەيۋەن، شىاڭگاڭ مەسىلىسى، جۇڭگونى ئىچكى ئۆررۈشقا ياكى پارچىلىنىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە.

تەيۋەن 50 يىلدىن بېرى مۇستەقىل ۋە دېموكراتىك بىر تۈزۈم ئىچىدە دۆلەت ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇپ قالماستىن، بۈگۈن ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ بىرى، بۈگۈنكى تاشقى تىجارىتى قىزىل جۇڭگودىن كام ئەمەس، تەيبېي مەركەز بانكىسىدا 100 مىليارت دوللار زاپاس نەق پۇلى بار بىر دۆلەت، تەيۋەنلىكلەرنىڭ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە مول مىقداردا مەبلەغلىرى بار. تەيۋەن خەلقى ئىچىدە مۇستەقىللىقنى خالىغۇچىلار يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ بارماقتا. 96 ـ يىلقى دۆلەت باشلىقى سايلىمىدا مۇستەقىللىقنى

خالىغۇچىلار غەلىبە قىلدى. تەيۋەن خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇقىلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبى سىياسى جەھەتتىن قىزىل دىكتاتۇرنىڭ ئاستىدا ئىزىلىشتىن قورقۇش ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادى جەھەتتە بىر مىلىيارت ئىنسانىنىڭ ئىقتىسادى يۈكىنى باراۋەر كۆتۈرۈپ مېڭىشىنىڭ ئېغىرلىقى، تەيۋەن خەلقىنىڭ 50 يىلدا قولغا كەلتۈرگەن ئىقتىسادى باياشاتلىقىنىڭ بىردىن تۈۋەنلەپ كېتىشىدىن تۇغۇلغان ئەندىشە ئەلبەتتە، قىسقىسى، تەيۋەن ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى تاللاپ بولدى. تەيۋەنىنىڭ ئامېركا بىلەن ئورتاق ئەسكرى قوغدىنىش كېلىشمى بولغىنى ئۈچۈن، ئەگەر قىزىل جۇڭگو ئارمىيەسى تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلسا، بۇ، ئامىركىغا ھۇجۇم قىلىش دەپ قارىلىدۇ ـ دە، ئامىركا بىلەن قىزىل جۇڭگو ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتىلايدۇ. بۇنداق ئۇرۇشقا تېخى قىزىل جۇڭگو ئارمىيەسى ھازىر ئەمەس. شياڭگاڭ مەسىلىسى گەرچە ھەل بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ماھىيەتتە، شياڭگاڭ بىلەن جۇڭگونىڭ بىرلىشىشى، جۇڭگونىڭ پارچىلىنىشىنىڭ بىرىنجى قەدىمى بولىدۇ. 6 مىليۇن نوپۇسلۇق شياڭگاڭنىڭ 1996 ـ يىلقى تاشقى تىجارىتى قىممىتى 100 مىليارت دوللار بولدى. جۇڭگونىڭ 96 ـ يىلقى تاشقى تىجارىتىگە يېتىشىپ قالىدۇ. شياڭگاڭدىكى كىشى بېشىغا كىلىدىغان مىللى دارامەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



25 مىڭ دوللار، تەيۋەنىڭ كىشى بېشىغا كېلىدىغان مىللىي دارامىتى 15 مىڭ دوللار، جۇڭگودا بولسا كىشى بېشىغا كېلىدىغان مىللىي دارامەت 350 دوللار. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كونتروللىقى تېشىدا ياشاش تەلىيىگە ئىگە بولغان باي تەيۋەنلىكلەر، شياڭگاڭلىقلار، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كونتروللىقى ئاستىدا سىياسىي جەھەتتىن ئەركىنلىكتىن مەھرۇم، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاچ - يوقسۇل ياشاشقا مەجبۇر قىلىنغان جۇڭگولۇقلارنىڭ گەچگىسىگە مىنىۋالغان ئازسانلىق كوممۇنىست پارازىتلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشقا تەرتكە بولۇۋدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا 78 - يىلىدىن بېرى جۇڭگودا باشلانغان 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش، تاشقى دۇنياغا ئېچىلىش سىياسىتى؛ ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى ھەرقايسى شەھەر، ئۆلكىلەرگە تارقىتىپ بېرىشكە تەرتكە بولدى. 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت جەريانىدا ئىقتىسادىي ھوقۇقىنىڭ ھەرقايسى ئۆلكىلەرگە مەركەزلىشىش نەتىجىسىدە، سىياسىي جەھەتتىن خىتتاي ئەمەلدارلىرىنىڭ ئىتائەت قىلماسلىق كەيپىياتى مۇستەملىكە ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەدىن باشقا پۈتۈن خىتتاي ئۆلكىلىرىدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت؛ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېز ئىلگىرىلىگەن ئالاھىدە رايونلار بىلەن جۇڭگونىڭ

ئىچكى قىسمىدىكى كېيىن قالغان رايونلار ئوتتۇرىسىدا مىللىي دارامەتنىڭ تەقسىماتىدا ئېغىر دەرىجىدە تەڭسىزلىك بار. ئۇنىڭدىن باشقا « كوممۇنىست » دىگەن سۆزنىڭ دۇنيادا مەسخىرە ئوبىكتىغا ئايلىنىشى، جۇڭگودىمۇ كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ خەلق ئىچىدە ھېچ ئېتىۋارىنىڭ قالماسلىقى؛ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانى ئىچىدە ھاكىمىيەت بېشىدا قېلىشقا مۇۋەپپەق بولغان كۆزى ئاچ كوممۇنىستلارنىڭ دۆلەتنىڭ بايلىقىنى ھەرخىل يول بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشى، جۇڭگودا خۇددى يۇقۇملۇق كىسەلدەك كەڭ كۆلەمدە تارقالغان پارىخورلۇق، ئەخلاقى جەھەتتىكى چىرىكلىشىش، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىقتىسادى تۇرغۇنلۇق يۈزىدىن تېخىمۇ كۆپەيگەن ئىشسىزلىق، مىليونلىغان يوقسۇللار قوشۇنىنىڭ كۈندىن - كۈنگە زورىيىشى يوقسۇللۇق تۈپەيلى ھەر كۈنى ئارتىۋاتقان ئىجتىمائى جىنايەت، مەسىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئارمىيە ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى كونترولىغا ئېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قالغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقى بىلىنمەكتە.

ئىككىنجى بىر تەرەپتىن ( مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى ) نى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، 45 ـ 50 ياشلاردىن تۆۋەن بولغان ناھايىتى كۆپ ساندىكى زىيالىلار بۈگۈنكى جۇڭگودا ھاكىمىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم يەرلىرىگە ئۆسۈپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۇلار زوروريەت تۈپەيلى شەكىل جەھەتتە كوممۇنىستىك پارتىيەگە كىرگەن كىشىلەر بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە جۇڭگودا دېموكراتىيەنى، ئەركىنلىكنى، ئىنسان ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئارزۇسىدا ئويلىنىۋاتقان، تەدبىرلەرنى ھازىرلاۋاتقان كىشىلەردۇر.

جۇڭگوداكوممۇنىستىك پارتىيە ئەڭ ئاخىرقى نەپەسنى ئېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ گۆرىمۇ قېزىلغان ھالدا، پەقەت يەرلىكىدە قويۇشلا قالدى. بۇ ۋەزىيەتنى يېقىنقى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگولۇقلار ئۆزى ئورۇنلايدۇ. جۇڭگودا ئۆزگىرەلىشنىڭ ئىنسانى ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان دېموكراتىك بىر ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندا جۇڭگودىكى مۇستەملىكە ۋە ئازسانلىق مىللەتلەر مەسلىسى ھەققىدە دىئالوگ باشلاش ئىمكانى پەيدا بولىشى مۇمكىن. ئەمما شۇنداق بولىدۇ دەپ بىخۇتلۇق قىلىش توغرا ئەمەس. شۇنى ياخشى بىلىشىمىز كېرەككى، 1911 - يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن 300 يىللىق مانجۇر خاندانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان جۇڭگولۇقلار «جۇمھۇرىيەت» قۇردى. سۇن جۇڭسەن دۆلەت باشلىقى بولدى. بۇ ئىنقىلاپتىن پايدىلانغان موڭغۇلىيە مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى. تىبەت بېيجىڭگە باج تۆلەشتىن باشقا جۇڭگو بىلەن ھېچ بىر ئالاقىسى يوق ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا

تۆمۈر خەلىپە قوزغىلىڭى داۋام قىلىۋاتاتتى. يۈرمەتتىن . پايدىلىنىپ ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەن ياڭ زېڭشىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە باغلاندى. ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئامىركىدا ئۆتكۈزگەن سۇن جۇڭسەن جۇڭگولۇقلارنى ھەقىقى دېمكراتىك، ئەركىن ھاياتقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلىش بىلەن بىرگە، جۇڭگونىڭ پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپىنى تونۇپ يەتكىنى ئۈچۈن فىدرال دۆلەت ( لىيەن باڭ ) قۇرۇش تەكلىپىدە بولۇندى. خەن، مانجۇر، مۇڭغۇل، تۈركى خەلقلەر، تىبەتتىن ئىبارەت 5 مىللەتتىن تەركىپ تاپقان مۇستەقىل، ئەركىن فىدرال دۆلەت ئىتتىپاقى قۇرۇش يولىدا بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئەمما ئىچكى ئۇرۇش تۈگەپ، بۇ سىياسەت ئىجرا قىلىنىدىغان چاغدا سۇن جۇڭسەنمۇ ئاۋازىنى چىقارمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ھۆكۈمەت بېشىغا كەلگەن جاڭ جېشى بۇ ، فىدرال دۆلەت پىرىنسىپىدىن ۋاز كەچكىنى ئۈچۈن، لېنىن روسىيەسى دەرھال مۇڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى تونۇغانلىقىنى ئېلان قىلدى بۇ ، ياش دۆلەتنى ھىمايىسى ئاستىغا ئالدى. تىبەت بولسا ، ئىنگلىزلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ئىدى. 1931- يىلى قۇمۇلدا باشلانغان مۇستەقىللىق ھەركىتى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا تېز سۈرئەت بىلەن يېيىلدى. 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە ؛ شەرقىي تۈركىستان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرلىك ئادرېسى



ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ، قۇرۇلغانلىقى دۇنياغا ئېلان قىلىندى. بۇ كۈنلەردە جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنە ئۇنتۇلغان فېدېرال دۆلەت سۆزلىرىنى تەكرارلاشقا باشلىدى.

1944 ـ يىلى، غۇلجىدا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن فېدېرال دۆلەت سۆزى جاڭ جى شى جۇڭگوسى تەرىپىدىن تېخىمۇ كۆپ سۆزلىنىشكە باشلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 1922 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئېچىلغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ، مۇڭغۇلىيە، شىنجاڭ، تىبەت قاتارلىق ئۈچ جايدا ئاپتونومىيە يولىغا قويۇلىدۇ..... ئەركىن فېدرال ( لىيەنباڭ ) تۈزۈمى ئارقىلىق جۇڭخۇا پېدارسيونى قۇرۇلىدۇ، دەپ قارار قوبۇل قىلىنغان ۋە بۇ قارارنى ئېلان قىلغان ئىدى.

1936 ـ يىلى8 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى يەنە بايانات ئېلان قىلىپ ، مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتە كىچىك ، ئاجىز مىللەتلەر ھەتتا مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ ھۆكۈمەت تەشكىل قىلسىمۇ بولىدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. ( بېجىڭ ، مىللەتلەر تەتقىقاتى . 1985ـ يىلى 1 ـ سان ، ) ئەمما، ماۋزېدۇڭ ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندە روسلارنىڭ قولى بىلەن مىللى

رەھبەرلىرىمىزنى قازا باھانىسىدا يوق قىلىپ ، شەرقىي تۈركىستاندا ھېچبىر پاشىست ئىنسانغا راۋا كۆرمەيدىغان زۇلۇم ۋە مىللى قىرغىنچىلىقنى ئېلىپ باردى . كومۇنىستلارنىڭ خەلقىمىزنى مىللەت سۈپىتىدە يەر يۈزىدىن يوق قىلىپ تاشلاش سياستى ئەڭ چېكىگە بېرىپ يەتتى .

بۈگۈن ئامرىكا ۋە باشقا يەردىكى جۇڭگو دىمۇكراتىك تەشكىلاتلىرى مەنسۇپلىرى يەنىلا ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەركىنلىك بېرىدىغانلىقىنى ؛ پېدىرال ( لىيانباڭ ) دەۋلەت قۇرۇش تەرەپدارى ئىكەنلىگىنى سۆزلەپ يۈرمەكتە . پۈتۈن تارىخي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشىمىز لازىمكى كۈچسىز ، قۇرالسىز قالساق ھېچكىم بىزگە ئەركىنلىكنى مەرھەمەت قىلىپ بەرمەيدۇ .

بىزمۇ ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى خۇددى قازاقىستان ، قىرغىزىستان ، ئۆزبېكىستان ، ....لارغا ئوخشاش بىر تامچە قان تۆكمەي ، بىرمۇ ئادەمنىڭ بۇرنىنىمۇ قاناتماي تۇرۇپ قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ قىلىمىز . ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مەسلىسى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل بولسا ئىدى ، بىزنىڭ مەنپەئەتىمىزدىن كۆرە ، جۇڭگولۇقلارنىڭ مەنپەئەتىگە تېخىمۇ پايدىلىق بولار ئىدى . ئۇزۇن بىر تارىخي جەريان ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



جۇڭگولۇقلارنىڭ سىياسى ، ئىقتىسادى، مەنىۋى ، بۇيۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇشىمىزمۇ تەس بولاتتى ئەمما، جۇڭگولۇقلار ياۋرۇپا مىللىتى ئەمەس ، ئۇلار ئىنگىلىزلارنىڭ ھىندىستاننى ، روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى تاشلاپ چىقىپ كېتىشىنى مەدىنى مىللەتلەرنىڭ ئەخلاقىغا ئۇيغۇن ئىش ئىكەنلىكى ئىدىيىسىدىن ئۆتمەيدۇ . ئەكسىچە « بۇ بىر ئاخماقلىق ، ئۇ زېمىنلار بىزنىڭ قولىمىزدا بولسا ئىدى ئەبەدى قولىمىزدىن چىقارماس ئىدۇق » دەپ ھەسرەت چەككەنلەر بار . جۇڭگو خەلقى گەرچە 5000 يىللىق تارىخى بولۇشىغا قارىماي ، دۆلەت ھاياتىدا ھەقىقى بىر دېموكراتىك مەۋسۇمنى كۆرۈپ باقمىدى. 20 ـ ئەسىردە جۇڭگونى دېموكراتىيەگە ئېلىپ بارالايدىغان ۋە شۇنداق قابىلىيەتكە ئىگە ئىككى نەپەر لىدەر چىقتى . ئۇنىڭ بىرى سۇن جۇڭسەن ، ئىككىنجىسى خۇياۋباڭ ئىدى . ئۇلار ئۆزمىللىتىنىمۇ باشقا مىللەتلەرنىمۇ ، دۇنيانىمۇ تەرەپسىز تۇرۇپ كۆرۈش ، تەتقىق قىلىش ۋە يەكۈن چىقىرىش قابىلىيىتىگە ئىگە تالانت ئىگىلىرى ئىدى . ئاسىيانىڭ تارىخىتىكى ئەڭ چوڭ پاجىئەسى ئۆز ئىچىدىن چىققان تالانت ئىگىلىرىنى تونۇماسلىق ياكى رەت قىلىش ياكى يوق قىلىش بولدى . جۇڭگو خەلقىنىڭ سەۋىيەسى ۋە جۇڭگونىڭ ئىجتىمائى سەۋىيەسى بۇ

رەھبەرلەرنىڭ سەۋىيسىدىن بىردەۋىر ھەتتا بىر نەچچە دەۋىر كېيىن بولغىنى ئۈچۈن ، كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتتىن باشقا يىراقنى كۆرەلمىگەن جۇڭگوھاكىميەتلىرى ئۇلارنى رەت قىلدى، ياكى يوق قىلدى.

دېموكراتىك ھاياتقا تەشنا جۇڭگو خەلقى ئارزۇ قىلغان ئەركىن ھاياتقا ئېرىشىشى لازىم . ئۆزى تېخى ئىنسانى قەدىر قىممىتىنى قولغا كەلتۈرەلمەي تۇرغان بىر مىللەتتىن ، مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ئىنسانى قەدىر- قىممىتىنى ، ھەق- ھوقوقىنى بېرىشنى تەلەپ قىلىش مەنتىقىغا ئۇيغۇن ئەمەس . ئەگەر جۇڭگودىمۇ بىر گورباچېۋ چىقسا ، بەلكىي جۇڭگو خەلقىمۇ ، جۇڭگودىن مۇستەقىللىق ئىستىگەن مەزلۇم خەلقلەرمۇ يىنىك بىر نەپەس ئېلىش پۇرستىگە ئىگە بولالىشى مۇمكىن . ئەمما ، تارىختا بېشىمىزدىن ئۆتكەن بارلىق ئاچچىق ساۋاقلارنى ئېسىمىزدىن چىقارماي تۇرۇپ ، ئاندىن سىياسى ، دىپلوماتىيە يولى بىلەن ۋەتەن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش پىرىنسىپىنىمۇ ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم . ئەلبەتتە . ئەمما دۇنيا سىياسىتىدە ئاجىزلارنىڭ دىپلوماتىيەدە قازانغانلىرى بەك ئاز ، بەك ئاز .

1946 - يىلى ماناس دەرياسى بويىدا 40 مىڭ كىشىلىك مىللى ئارمىيە ئۇرۇش ھالىتىدە ساقلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇرغانلىقى ئۇچۇن جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىلەن 11 ماددىلىق كېلىشىم ئىمزالاندى . شەرقىي تۈركىستان خەلقى سىياسى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە بەزى ھەق - ھوقۇقلارغا ئىگە بولالىدى . ئەگەر ئۇ ۋاقىتتىكى 11 ماددىلىق كېلىشىم بولمىسا ئىدى ، بۈگۈنكى شەكىلدىكى ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى مەمۇر ئورۇنلاردا مىللى كادىرلار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ ، 11 ماددىنى ياخشى تەتقىق قىلمىغانلار بۈگۈنكى شەكىلدىكى « ئاپتونومىيە» نىڭ رەسمىلىشىپ قېلىشىنىڭ سىرىنى بىلمەيدۇ . قىسقىسى ، گومىنداڭدىن ئالغان ھەق - ھوقۇقىمىزنى ، ئۆزىنى گومىنداڭدىن تېخىمۇ خەلقپەرۋەر قىلىپ كۆرسەتكەن گۇڭچەنداڭ تارتىپ ئالالمىدى . ئەمما قورچاق مىللى ئەمەلدارلارنى شەكىل ئۈچۈن كۆرسىتىپ تۇرۇپ خەلقىمىزنىڭ بۇ ھوقۇقلىرىنى ئاستىرىتتىن تامامەن تارتىپ ئالدى . نىمە ئۈچۈن ؟ چۈنكى ، ئۇ 40 مىڭ كىشىلىك ئارمىيە ھازىر يوق . بۇ مىللەتنى، بۇ خەلقنى قوغدايدىغان ئارمىيەمىز يوق . دۇنيادا ھەقىقەت - كۈچ دەپ ئىزاھاتلىنىدۇ . كۈچسىزلەرنىڭ ھەقىقەتنى ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ . بۇ مەنتىقنى، بۇ ھەقىقەتنى مىللىتىمىزنىڭ ئەۋلاتلىرى ھېچبىر زامان ئىسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى لازىم. جۇڭگولۇقلارنىڭ ماۋزېدوڭى: « مىلتىقتىن ھاكىمىيەت چىقىدۇ » دەپ بىكارغا ئېيتمىغان.

# ھەر سۆيگۈنىڭ بىر بەدىلى بار

بىز مۇسۇلمانلار، ئاللاھ بىزنى ئىنسان قىلىپ ياراتقىنى ئۈچۈن، ئىنسانلار ئىچىدە مۇسۇلمان قەۋمىدىن قىلىپ، قەلبىمىزنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتۇپ ياراتقىنى ئۈچۈن، ياراتقۇچى ئاللاھ ـ تائالاغا چەكسىز سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمىزنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ ھەممە پەرىزلىرىنى مەمنۇنىيەت ئىچىدە ئادا قىلىمىز. كۈندە بەش قېتىم ناماز ئىبادەت ـ قىلىشنى، روزى ـ رامازان ئېيىدا ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە ئاچ يۈرۈپ روزا تۇتۇشنى ھېچقاچان مۇشەققەت ھېس قىلمايمىز. بەلكى ئاللا ـ تائالانىڭ دېگىنىنى قىلغىنىمىز ئۈچۈن قەلبىمىزدە ھوزۇر ھېس قىلىمىز. بۇ ئىبادەتلەر ئاللا سۆيگۈسىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىپادىسى. بەندىنىڭ خۇدا ئالدىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆتىگەن بىر بەدىلىدۇر. قايسى دىن، قايسى مىللەتتىن بولىشىمىزدىن قەتئىنەزەر بارلىق ئىنسانلار ئاتا ـ ئانىمىزغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىمىزنى كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئىپادىلەيمىز. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى شەرەپ بىلىمىز. ئۇلارنىڭ نېمە يېيىشنى، نېمە كىيىشنى، نېمە قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى سوراپ تۇرىمىز. خالىغان ئىشنى قىلىپ بېرىپ رەھمىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالالساق مەمنۇن بولىمىز؛ سۆيۈنىمىز. ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەندە (مۇسۇلمانلار) قەۋرىسىنى تاشلىۋەتمەيمىز. ھەر كۈنى نامىزىمىزدا، تاماقتىن كېيىن دۇئالىرىمىزدا ئۇلارنى ياد ئېتىمىز. خۇدادىن ئۇلارنىڭ روھىغا مەغفىرەت تىلەيمىز. بۇ ــ ئاتا- ئانىنى سۆيۈشنىڭ نورمال بىر بەدىلىدۇر، گەرچە ئاتا- ئانىنىڭ ئەجرىنىڭ يۈزدىن بىرىنى پەرزەنتلەر قايتۇرالمىسىمۇ. بالىلىرىمىزنى سۆيگىنىمىز ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارلىق جاپا- مۇشەققەتلىرىنى تارتىشقا رازى بولىمىز. ئۇلارنىڭ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆزىمىز يىمەي - ئىچمەي يىغىمىز، ئۇلارغا كۆز- قۇلاق بولىمىز، ئۇلارنى تەربىيىلەيمىز. بۇ ــ بالىلىرىمىزغا بولغان سۆيگۈنىڭ بەدىلىدۇر، گەرچە بالىلىرىمىز بىزگە سۆيگۈ بەدەل قايتۇرمىسىمۇ.

ئەگەر بىز ئاللا- تائالاغا سۆيگۈ- مۇھەببىتىم بار دەپ قويۇپ ئاللا- تائالا بىزگە پەرز قىلغان مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلماساق، ئاللا- تائالاغا بولغان سۆيگۈمىزنىڭ يالغانلىقى بىلىنىپ قالىدۇ. ئانامنى ياخشى كۆرىمەن، دادامنى ياخشى كۆرىمەن، بالامنى ياخشى كۆرىمەن، دەپ قويۇپ بۇ سۆيگۈنى ئەملى ھەركىتىمىزدە ئىپادىلىمىسەك، بۇ سۆيگۈنىڭ يالغانلىقى ئىسپاتلىنىپ قالىدۇ.

ۋەتەن سۆيگۈسىمۇ شۇنداق مۇقەددەس

سۆيگۈلەردىن بىرسىدۇر. ئەمما ۋەتەن ھېچكىمدىن سۆيگۈسىنى ئىپادىلەش شەرتىنى قويمىغىنى ئۈچۈن، ۋەتەن ـــ توپىدىن ئىبارەت جانسىز زېمىن بولغىنى ئۈچۈن، ئاللا ـ تائالانىڭ بۇ مۇبارەك مۆجىزىسىدىن ھەر ئادەم پايدىلىنىدۇ. ئۇنى سۆيگەنلەرمۇ، سۆيمىگەنلەرمۇ، سۆيۈشنى بىلگەنلەرمۇ، سۆيۈشنى بىلمىگەنلەرمۇ ئۇنىڭ قوينىدا ياشايدۇ. ئۆلۈپ كەتكەندە شۇ ۋەتەن تۇپراقلىرىغا كۆمۈلىدۇ. ۋەتىنى غەيرى مىللەتلەر تەرىپىدىن بېسۋېلىنغان خەلقلەرنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى بولمىغىنى ئۈچۈن ۋەتىنى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش، سۆيۈشكە مەجبۇرلىنىش، قانۇن ـ تۈزۈممۇ بولمايدۇ. ۋەتەن سۆيۈش تۇيغۇسى ئۇنتۇلدۇرۇلۇدۇ. مەزلۇم خەلقلەر ئۈچۈن ۋەتەننى سۆيۈش، ۋەتەنگە خىزمەت قىلىش دىمەك ھاكىم كۈچلەرگە خىزمەت قىلىش دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. كۆپلىگەن ئادەملەر « بىز ۋەتىنىمىزنى ياخشى كۆرىمىز » دەپ قويىدۇ، ئەمما « بۇ ۋەتەن ئۈچۈن نىمە قىلدىم؟ » دەپ ئۆزىدىن سورىمايدۇ.

شەرقىي تۈركىستاندا بىر ۋەتەن خائىنى ئۆزىنى « مەن ۋەتەنپەرۋەر » دەپ تەرىپلىيەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ، پۈتۈن جۇڭگونى « مىنىڭ ۋەتىنىم » دەيدۇ. جۇڭگونىڭ ھېچقاچان ئۇنىڭ ۋەتىنى بولمىغانلىقىنى ئۇ بىلمەيدۇ ياكى بىلىشنى خالىمايدۇ. شەرقىي تۈركىستاننى سۆيگەن ۋە بۇ سۆيگۈسى ئۈچۈن شېھىت بولغان ياكى تۈرمىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قامالغان ياكى چەتكە قېقىلغان بىرسىنى، ۋەتەننى دۈشمەنگە سېتىۋاتقان بىر خائىن « ئۇ ۋەتەن خائىنى » دېيەلەيدۇ. دۈشمەن هاكىمىيىتىنىڭ زۇلمىدىن ۋەتەننى تەرك ئېتىپ چەتئەللەرگە ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان بىر ۋەتەنپەرۋەرنى ۋەتەننى خىتايغا سېتىپ خەجلەۋاتقان بىر خائىن ھېچ ئويالماستىن « خائىن » دېيەلەيدۇ. چۈنكى جۇڭگونىڭ پۈتۈن مىللى سىياسىتى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى ۋەتىنىنى سېتىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان سىياسەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىزدە نورمالدا ئېغىزدا « ۋەتەننى سۆيىمەك » بەك ئاسان. ھېچ بەدەل كېرەك ئەمەس. « ۋەتەننى سۆيىمەن » دەپ قويساڭ ھۆرمىتىڭ بولىدۇ، ئەمما يانچۇقۇڭدىن پۇلۇڭ كەتمەيدۇ، كۈچۈڭ، ئەجرىڭ كەتمەيدۇ. ئاغزىڭنىڭ يېلى كېتىدۇ. چۈنكى ۋەتەن ھېچ مەنپەئەت كۆتمەستىن پەقەت پەرزەنتلىرىگە نىمەت بېرىشكە يارالغان مۇبارەك مۆجىزە. مۇبارەك ئانىدۇر.

ھەقىقى ۋەتەن سۆيگەنلەر، ھەقىقى ۋەتەنپەرۋەرلەر بۇ ۋەتەننىڭ يۈكىنى كۆتۈرىشى لازىم.

ۋەتەن ــ ۋەتەننى سۆيگەنلەرگە ئامانەت قىلىنىدۇ. « ۋەتەننى سۆيۈش ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. » بىز ئەجدادلىرىمىز ئۈچۈن، ئۆزىمىز ئۈچۈن ، كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن بۇ ۋەتەننى سۆيىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ۋەتەنگە بولغان سۆيگۈ- مۇھەببىتىمىزنىڭ

ئىپادىسى، ۋەتىنىمىزنى بىسىۋالغان، بۇ ۋەتەننىڭ بىزگە مەنسۇپ بايلىقلىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتقان، بۇ ۋەتەننىڭ پەرزەنتلىرى بولغان بىزلەرنى قىرغىن قىلىۋاتقان چەتئەل كۈچلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش، ئۇلارنى مۇبارەك ۋەتىنىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىشتىن ئىبارەت.

بىزنىڭ بۇ مۇبارەك ۋەتىنىمىزگە بولغان سۆيگۈنىڭ ئەڭ چوڭ بەدىلى، بۇ ۋەتەن ئۈچۈن كۆلۈپ تۇرۇپ، ھىچ ھودۇقماستىن شىھىت بولۇپ كىتىشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى بۇ زىمىندا ئونمىڭ يىلدىن بىرى توپىغا كۆمۈلگەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ جەسەتلىرى بار. ھەر غىرىچ زىمىن ئۇلارنىڭ قەۋرىسىدۇر. بۇ ۋەتەننى ئۇلار بىزگە تاپشۇرۇپ كەتكەن. بىز ۋەتەننى ئەۋلاتلىرىمىزغا تاپشۇرالمىساق، ياكى تاپشۇرۇش ئۈچۈن قان تۆكمىسەك ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ بىزنى خائىن دەپ ئىلان قىلىشقا ھەققى بار.

بىز ئۇ دۇنيادا خۇدا ئالدىدا نىمە دەيمىز؟ « دۈشمەن بەك كۈچلۈكتى » دىسەك، « كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى سەن نىمە ئىش قىلدىڭ؟ » دەپ سورىسا بىز نىمە دەپ جاۋاپ بىرىمىز؟

بىر كۈن كىلىدۇكى، بارلىق ۋەتەن خائىنلىرىنىڭ جەسەتلىرى بۇ مۇبارەك زىمىندىن تازىلىنىدۇ. ۋەتەننى سۆيگەنلەرنىڭ قەۋرىلىرىدىن خۇشپۇراق گۈل ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



چىچەكلەر ئېچىلىدۇ.

شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بىزنىڭ بۇ ۋەتەندىن باشقا ۋەتىنىمىز يوق. بىزنىڭ قازاقىستانىمىز يوق، قىرغىزىستانىمىز يوق، ئۆزبەكىستانىمىز يوق، تاجىكىستانىمىز يوق، موڭغۇلىيەرىمىزيوق، تاتارىستانىمىز يوق. ئەگەر بىر مىللەت سۈپىتىدە نەسلىمىزنىڭ داۋام قىلىشىنى خالىساق بۇ ۋەتەننى سۆيىشىمىز، بۇ ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەل-تۆكۈس ئۆز قولىمىزغا ئېلىشىمىز لازىم. چۈنكى بىزنىڭ باشقا چېكىنىش يولىمىز يوق. شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشىمىز لازىمكى جۇڭگو ھاكىمىيىتى بىزنى مىللەت سۈپىتىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ بولدى. ھازىر پەقەتلا بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش باسقۇچىنى ئورۇنلاۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايلىق گېپىگە ئەمەس، قىلمىشلىرىغا ئەمەلىيىتىگە قاراش كېرەك. ئالدانغانلار بۇرۇندىن كېيىن ئالدانمىسۇن. چۈنكى ئالدانغانلار قۇل بولۇپ ئۆلىدۇ، ئالدانمىغانلار ۋەتەن قەھرىمانى بولۇپ ئۆلىدۇ. شېھىت بولىدۇ.

تەكرار تەكرار شۇنى ئېيتىمەنكى، بىزنىڭ سۆيىدىغان، ياشايدىغان، قوغدايدىغان بۇ ۋەتەندىن باشقا ۋەتىنىمىز يوق.

جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنىڭ شائىرى لى بەي نى ئىسسىق كۆل بويىدا تۇغۇلغان دەپ يېزىشىدۇ.

دىمەكچى بولغان مەقسىدى، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بىزنىڭ ئىدى دىگەننى ئىسپاتلاش. بۈگۈن جۇڭگولۇقلار، ئويلىمىغان يەردە روسلار غەربىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق بەردى. بۇنىڭ بىلەن تارىخىي خاتاسىنى تۈزەتتى. يۈزىلىكى بىر قارا داغنى يۇدى. بۇ ــ ئەملىيەت ئارقىلىق غەربىي تۈركىستان خەلقىدىن كەچۈرۈم سورىغان بولىدى. روسلار ھېچقاچان « بۇ زېمىنلار 2000 يىلدىن بېرى بىزنىڭ ئىدى » دەپ يالغان دەۋادا بولمىدى.

بۈگۈن نەزەربايېۋ، كېرىموۋ، ئاقايېۋلار بېيجىڭغا زىيارەتكە بارسا، جۇڭگونىڭ دۆلەت رەھبەرلىرى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىشۋاتىدۇ. نىمە ئۈچۈن؟ چۈنكى، دۇنيانىڭ دىپلوماتىيە قائىدىسى شۇنداق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىل دۆلىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەمما، شەرقىي تۈركىستاندىن تۆمۈر داۋامەت، ھامىدىن نىياز، ئابلەت دىگەنلەر بېيجىڭغا بارسا، ئايرۇپىلاندا بىللە ئېلىپ بارغان گىلەم، قوغۇن ـ تاۋۇز... قاتارلىق سوغا ـ سالاملارنى ئالدى بىلەن « شىنجاڭ بەنسىچۇ » غا چۈشۈرۈدۇ. ئاندىن كېيىن، ئەمەلدارلارنىڭ كاتىپلىرىغا ئەيمىنىپ تۇرۇپ تېلفون قىلىپ، شەرقىي تۈركىستاندىن ئېلىپ كەلگەن سوغا ـ سالاملارنى بېيجىن ئەمەلدارلىرىنىڭ كاتىپلىرىغا ياكى ئائىلىسىدىكى خوتۇن ـ باللىرىغا ئاپىرىپ بەرگەنلىگىدىن خوشاللىنىپ

ئۆزلرنى ماختشپ يۈرۈيدۇ. جۇڭگونڭ دۆلەت باشلقلرى ئەگەر ئۇلارنى بەش منۇت قوبۇل قلپ قويسا، يېللارچە خوشال بولۇپ، شەرقي تۈركستاندا قانچە مليون ئادەمنڭ بېشى كەتكەنلكى، قانچلك بايلقلارنڭ نەگە كەتكەنلكى بلەن ئشى يوق، ماختنپ يۈرۈيدۇ. بۈگۈن ختايلار تەرپدن تاشقى موڭغۇليە مۇستەقل بولغنى ئۈچۈن باشقىچە مۇئامله قلنۋاتدۇ، ئچكى موڭغۇليە مۇستەملكسى بولغنى ئۈچۈن باشقىچە مۇئامله قلنۋاتدۇ. جۇڭگولۇقلار بزنى ؛ بۇ خەلقمۇ ئۆز ۋاقتدا مۇستەقل بولۇپ كەتكەن بولسا، بۇلارنڭ هېچبر بايلقغا ئگە بولالمايتتۇق، بر تال تۈكنمۇ تەۋرتەلمەيتتۇق. تارختا مۇستەقل بولالماي بزنڭ قولمزدا قاپتۇ. برئاز بولسمۇ ئنساپ قلايلى، ئاز- تولا هەققنى، هوقوقنى بېرەيلى دەپ ئويلاپ كۆردمۇ؟ بۈگۈنكى جۇڭگو ئەمەلدارلردا بۇندق چۈشەنچە پەقەت كاللسغا ملتقنڭ ئۇچى تېرەلگەن چاغدىلا ئاندن ئەقلگە كېلدۇ.

ئەقەللسى بز ئۆز ۋەتنمزنى، بۇ ۋەتەننى بېسۋالغان مۇستەملكچلەرچلك سۈيۈشنى بلشمز لازم. جۇڭگولۇقلار شەرقي تۈركستاننى، سۈيەمدۇ؟ سۈيدۇ. سۈيگنى ئۈچۈن بۇ زېمننى بېسۋالدى، سۈيگنى ئۈچۈن ئسمنى ختايچغا ئۆزگەرتۋالدى،

سۆيگىنى ئۇچۇن ئەسكەرلىرىنى يەرلەشتۈردى، سۆيگىنى ئۇچۇن كۆچمەنلەرنى ھەرخىل يوللار بىلەن ئېلىپ چىقىپ يەرلەشتۈردى، سۆيگىنى ئۇچۇن « شىنجاڭ خاۋ دىفاڭ » دەپ ناخشىلارنى ئىجات قىلدى. سۆيگىنى ئۇچۇن خۇددى ئاشىق مەشۇقىنى باشقىلاردىن قىزغانغاندەك، بۇ ۋەتەنىنىڭ ئىگىسى بولغان بىزنى بۇ ۋەتەندىن قىزغاندى، كۆنىلىدى. « بۇ ۋەتەن بىزنىڭ » دىسەك، بىزنى ئۆلتۈردى، تۈرمىلەرگە قامىدى. بۇ ۋەتەنىنىڭ ئۇيغۇرچە ئىسمى بار. ئىسمى « شەرقى تۈركىستان » دىسەك « نىمىشقا ئۇنتۇلغان گەپلەرنى خاتىرىلەيسەن؟ » دەپ تىلىمىزنى كەستى، تۈرمىلەرگە قامىدى. ئۆلتۈردى. خىتايلار ئەگەر بىز بۇ ۋەتەندە ياشىساق، بۇۋەتەننى سۆيىمەي خارلانغان ۋەتەندە خارلىنىپ ياشىشىمىزغا يول قويىدۇ. ئەگەر ۋەتىنىمىزگە ئىچىمىزنى ئاغرىتىپ كۆز يېشى تۆكسەك، كۆزىمىزنى ئويىدۇ. ۋەتىنىمىزگە مۇھەببىتىمىزنى ئىزھار قىلىپ گەپ قىلساق تىلىمىزنى كېسىدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرنى ئويلىساق، ئويلىغان ئۇ مېڭىمىزنى مىجىپ تاشلايدۇ. نىمىشقا؟ چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. سۆيىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنى ياخشى كۆرگۈزمەيدۇ. بىزنى سۆيگۈزمەيدۇ.

بىز ۋەتىنىمىزنى ھېچ بولمىسا ۋەتىنىمىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دۈشمەنلىرىچىلىك ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش، قوغداش ھەققىمىز بار. ۋە شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرمىز. بۇۋەتەننى ئالىمەن دەپ بىر دۈشمەن ئۆلسە، بىز بۇ ۋەتەننى بەرمەيمەن دەپ ئون، يۈز ھەتتا مىڭ ۋەتەن ئەۋلادى ئۆلىشىمىز لازىم بولىدۇ. چۈنكى بۇ ۋەتەننىڭ شان - شەرىپىنى قوغداش بىزنىڭ تارىخىي ۋەزىپىمىز. ھەربىر خەلق ئۆز ۋەتىنىنى ئۆزلىرى قوغدايدۇ. ئۇ ۋەتىنىنى سۆيگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇ ۋەتەندە ئەركىن - ئازات ياشايدۇ. ۋەتىنىنى قوغدىيالمىغانلار، سۆيۈش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتمىگەنلەر، بەدەل تۆلەشنى بىلمىگەنلەر يوق بولۇپ كېتىدۇ. تارىخىي مەنتىق ئەنە شۇنداق داۋام قىلىپ كەلدى.

بىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋەتىنىمىزنى سۆيىدىكەنمىز، بۇ ۋەتەن ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر بەدەل تۆلەشكە ھازىرلىنىشىمىز لازىم. ئەڭ ئېغىر بەدەل ۋەتەن ئۈچۈن شېھىت بولۇش، ۋەتەننىڭ دۈشمەنلىرىنى، ئۆزىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىش.

چۈنكى، ھەر سۆيگۈنىڭ بىر بەدىلى بار.

## شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىستىقلالىيەت يولىدىكى ئۈلگىسى چېچەنىستان

چېچەنىستان، بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادا ئۈزۈلمەس مىڭ ھەسسە، ئونمىڭ ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەن ئارمىيىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ ئۈزۈلمەي، ۋەتەننى قوغداپ قېلىشتا، كىچىك، ئاز، ئاجىز بىر مىللەت ئەگەر قەتئىي ئىرادىگە كەلسە ئازاتلىقنى قولغا ئالالايدىغانلىقىدا پۈتۈن دۇنيادىكى بولۇپمۇ ئاسىيادىكى مەزلۇم مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ مەزلۇم شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىگە پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئۈلگە كۆرسەتتى.

چېچەن خەلقىنىڭ ئازاتلىق يولى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازاتلىق يولىدىكى كۈرىشىدە، ئەڭ قالتىس ئىلھام ۋە جاسارەت مەنبەسى بولماقتا.

چېچەنىستان يات كۈچلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان زېمىن. شەرقىي تۈركىستانمۇ يات كۈچلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان زېمىن. چېچەنىستان 1774- يىلى چاررۇسىيەنىڭ ئىشغالىغا ئۇچرىغان. شەرقىي تۈركىستان 1759- يىلى مانجۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىشغالىغا ئۇچرىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



چىچەنلەر مۇسۇلماندۇر، شەرقىي تۈركىستانلىقلارمۇ مۇسۇلماندۇر. چىچەنلەر كوممۇنىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان خەلق. شەرقىي تۈركىستانلىقلارمۇ كوممۇنىستىك تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان خەلق.

چىچەنلەر تارىخىي بويىچە قۇللۇقتا بويۇن ئەگمىدى، ئازاتلىق كۈرىشىنى توختاتمىدى. شەرقىي تۈركىستانلىقلارمۇ تارىخىي بويىچە قۇللۇقتا بويۇن ئەگمىدى، ئازاتلىق كۈرىشىنى توختاتمىدى. ئەمما چېچەنىستاندىن، چېچەنلەردىن بىزنىڭ ئۆگىنىدىغان، ئۆلگە ئالىدىغان كۆپ تەرەپلىرىمىز بار. بۇنىڭ ئۈچۈن قەھرىمان چىچەنلەر ھەققىدە بىرئاز مەلۇمات بەرسەك ئارتۇق بولمايدۇ ئەلبەتتە.

چىچەنلەرنىڭ قەھرىمانلىق شەجەرىسى بۈگۈن دۇنيادا بىر داستانغا ئايلانماقتا. « چىچەن » سۆزى ئەسلىدە ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى يېزىلاردا بۈگۈنمۇ كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ قوللىنىلىدىغان بىر سۆزدۇر. « چىچەن » ئۇيغۇر تىلىدا « ئەقىللىق، سەگەك » مەناسىدا ئىشلىتىلىدۇ. چىچەنلەر ئۆز تىلىدا ئۆزلىرىنى « نوھچى » دەپ ئاتايدۇ. جانلىق تىلدا « نوچى » دەپ قوللىنىلىدۇ. « نوچى » ئۇيغۇر تىلىدا « مەرت، باتۇر قەھرىمان » مەناسىدا

قوللىنىلىدۇ. چېچەنىستاننىڭ ھازىرقى نوپۇسى600 مىڭدىن ئارتۇق. يەر كۆلىمى 11 مىڭ كۇۋادىرات كىلومىتىر. يەر كۆلىمى جەھەتتە چېچەنىستان، شەرقى تۈركىستاننىڭ 166 دىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ. يەنى شەرقىي تۈركىستان 166 چېچەنىستانغا تەڭ.

چېچەنلەر 10 ـ ئەسىردە ئىسلام دىننى قوبۇل قىلغان بولىسىمۇ، 17ـ ئەسىردىن باشلاپ ھەقىقى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئۇيغۇن ياشاشقا باشلىدى. چېچەن خەلقى دىنىي ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر خەلقتۇر. تىجارەتتە ھەم ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش پەۋقۇلئاددە تىجارەت قابىلىيىتى بار. 1774ـ يىلى چارروسىيەنىڭ ئىشغالىيەتچى ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان چېچەن خەلقى 1791ـ يىلى يولباشچىسى ئىمام مەنسۇرنىڭ ئەسىرگە چۈشۈشىگە قەدەر قارشىلىق كۆرسىتىشنى داۋام قىلدى. 1801ـ يىلى چارروسىيە گىروزىيەنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن روسىيە بىلەن گىروزىيە ئارىسىدىكى قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چېچەنىستانغابولغان ئەسكىرىي بېسىمنى كۈچلەندۈردى ۋە 1813 ـ يىلى روسلار چېچەنىستاننى ئاساسەن كونترول ئاستىغا ئالدى1830 ـ يىلى چېچەنلەرنى مەركەز قىلغان كاپكاس خەلقىنىڭ قوراللىق ئىسيانى 1859ـ يىلغىچە داۋام قىلدى. بۈگۈنمۇ تىللاردا داستان بولىۋاتقان بۇ قوراللىق كۆرەش چېچەن خەلقىنىڭ مىللى رەھبىرى شەيخ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاملىنىڭ روسلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىشى بىلەن باستۇرۇلدى. 1917- يىلى روسىيەدىكى بولشېۋىك ئىنقىلاۋىدىن پايدىلانغان كاپكاس خەلقى چېچەنلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا تەرەك - داغىستان يەرلىك ھۆكۈمىتىنى قۇردى. 1920- يىلى بولسا بۇ ھۆكۈمەت بولشېۋىكلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. 1922 - يىلى چېچەن ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1934- يىلى ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ چېچەن - ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1944- يىلى 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى موسكۋانىڭ قارارى بىلەن چېچەن، ئىنگۇش، بالقان قاتارلىق شىمالى كافكاس خەلقى سىبىرىيە - قازاقىستان ۋە باشقا ئوتتۇرا ئاسىيا سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلىرىگە سۈرگۈن قىلىش قارارىنى ئالدى ۋە بۇ قارار پاجىەلىك شەكىلدە ئىجرا قىلىندى. 1946- يىلى 4- ئاينىڭ 25 - كۈنى چېچەن - ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مىڭلارچە چېچەن سۈرگۈن يولىدا سوغوقتىن ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى. بۇ گۈن يېشىنىڭ قىرى بولىشىغا قارىماي قولىغا قورال ئېلىپ روس ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان بىرمۇنچە يۇرت مويسىپىتلىرى ئۇ پاجىئەلەرنى خۇددى تۈنۈگۈنكىدەك خاتىرىلەيدۇ ۋە ياشلىرىنى ئازاتلىق ئۈچۈن ، يۇرتىنى قوغداش ئۈچۈن جەڭ قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇبارەك بىر

ئش ئىكەنلىگىنى، ۋەتەنسىزلىكتىن، خارلىنىشلىرىدىن مىساللارنى كۆرسىتىپ ئىلھام بېرىدۇ. ئىستالىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يۇرتلىرىغا قايتىشقا رۇخسەت قىلىنغان چىچەنلەرگە 1957- يىلى خىرۇششوف تەرىپىدىن چىچەن - ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىلدى. 1990- يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تارقىلىپ كەتتى. روسىيە فىدراسىيونىنىڭ ئىچىدىكى 21 ئاپتونوم جۇمھۇرىيەت ۋە 11 ئاپتونوم رايون قاتارىدا چىچەن - ئىنگۇش ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىمۇ روسىيە فىدراسىيونىنىڭ ئىچىدە قالدى. 1991- يىلى 10- ئاينىڭ 27 - كۈنى ئېلىپ بېرىلغان سايلامدا ۋاقتىدىن بۇرۇن پېنسىيەگە چىققان گېنرال جەۋھەر دودايېۋ (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھاۋا قىسمىنىڭ گېنرالى) چىچەن - ئىنگۇش جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەئىسلىكىگە سايلاندى. 1991- يىلى 11- ئاينىڭ 1- كۈنى چىچەنىستان خەلق قۇرۇلتىيى، چېچەنىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن موسكۋا چىچەنىستاندا ھەربى ھالەت ئېلان قىلدى ۋە گىروزنىيگە ھەربى قىسىم ئەۋەتتى. ئەمما چىچەن خەلقىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئومۇمى قارشىلىقى نەتىجىسىدە موسكۋا ھەربى قىسىملىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئىنگۇش خەلق كېڭىشى، ئىنگۇشىستانىنىڭ ئايرىم جۇمھۇرىيەت بولۇپ روسىيە فىدراتسىيىسىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قوشۇلۇش قارارىنى ئالدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن 1991- يىلى 11- ئاينىڭ 30- كۈنى ئىنگۇشىستاندا خەلق ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق كېڭەشنىڭ قارارىنى تەستىقلىغان بولدى. جەۋھەر دودايېۋ ھۆكۈمىتى ئىنگۇشلارنىڭ بۇ قارارىغا ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئىنگۇشلار ئايرىلدى. گىروزنىي دائىرىلىرى دۆلەت ئىسمىنى «چېچەنىستان» ئاتىدى. ئارقا- ئارقىدىن مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشلار نەتىجىسىدە روسىيە فېدراتسىيونى، ئۆز چېگراسى ئىچىدىكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولىغان ھالدا روسىيە فېدراتسىيونى ئىچىدە قېلىش كېلىشىمى ئىمزالاشقا باشلىدى 1992- يىلى 3- ئاينىڭ 31- كۈنى ئىمزالانغان بۇ كېلىشىمگە مۇستەقىللىق ئېلان قىلغان چېچەنىستان ۋە تاتارىستان ئىمزا ئاتمىدى، روسىيەنىڭ كېيىنكى بېسىملىرى بىلەن تاتارىستانمۇ روسىيە فېدراتسىيونى ئىچىدە قېلىشقا رازى بولدى. چېچەنىستانغا بولسا بېسىم كۈچلۈك ئىدى. رۇسىيە چېچەنىستانغا ئامبارگو (ئىقتىسادى جازا) يۈرگۈزگەنلىكى ئۈچۈن خەلقنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ئېغىر ئىدى. چېچەنىستاننىڭ ئىچىدە دودايېۋگە قارشى بىر مۇخالىپ گۇرۇپ تەشكىل ئېتىلدى. ئىككى يىل موسكۋانىڭ غەيرەت كۆرسىتىشى بىلەن چېچەن مۇخالىپ كۈچى ئىككى- ئۈچ يۈز كىشىدىن كۆپەيمىدى. ئەڭ كۈچەيگەن ۋاقىتتا مىڭغا يېقىن بىر

مانغا ئۇلاشتى. ئۇلار كۈچلۈك قورااللار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى روس تەرەپدارى قىلىپ كۆرسىتىشتىن ھەم نومۇس قىلاتتى. ھۆكۈمەت تەرەپ قېرىنداش قېنى تۆكۈلمىسۇن دىگەن مەقسەتتە قارشى تەرەپنى باستۇرمىدى. مۇخالىپ كۈچى 94- يىلى 10- ئاينىڭ ئاخىرى سامالىيوت، تىك ئۇچار، تانكا، توپ - زەمبىرەك، راكىتا قاتارلىق ئەڭ زامانىۋى قورال بىلەن گىروزنىيغا ھۇجۇم قىلدى. ۋە گىروزنىيغا كىردى. بىر كۈندىن كېيىن دودايېۋ كۈچلىرى تەرىپىدىن تىرە- پىرەن قىلىپ تاشلانغان مۇخالىپ كۈچى ئۆزلىرىنى ھېچ نوپلىيالماس ھالغا كەلدى. چېچەن مۇخالىپ كۈچلىرىدىن ئۈمىدىنى كەسكەن بورىس يەلتسىن چېچەنىستاننى زورلۇق يولى بىلەن ئىشغال قىلىش قارارى ئالدى. تارىختا روسلار تەرىپىدىن 3 قېتىم قىرغىنلىققا ئۇچرىغان ۋە ھايات قالغانلىرى ھەر قېتىم ۋەتىنىدىن سۈرگۈن قىلىنغان چېچەن خەلقى بۇ قېتىم ۋەتەننى قوغداش يولىدا ياكى ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىش ياكى ئۆزبايىرىقى ئاستىدا، ئۆزۋەتىنىدە ئازات ياشاش قارارىدا قەتئى ئىدى. چېچەنىستان خەلق قۇرۇلتىيى مۇستەقىللىقنى ئەڭ ئاخىرغىچە قوغداش قارارىنى ئالدى. ۋە بۇ خۇسۇستا دۆلەت باشلىقى ، باش قوماندان جەۋھەر دودايېۋگە ئۇرۇش شارائىتىدا پۈتۈن ھوقۇقىنى ئىشلىتىش ئىمتىيازىنى بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



خوشنا دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىغا كۆز تىكىپ قۇتراپ تۇرغان جۇڭگودا ئاران 450 ئاتوم بومبىسى بار. ئەمما ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئاچچىق دەرس ئالغان موسكۋا ھۆكۈمىتى خەلقنى يىگۈزمەي، ئىچكۈزمەي پۈتۈن تاپقىنىنى قورال ياساپ ئارمىيىسىنى چىش - تىرنىغىچە قوراللاندۇرغان بولۇپ، روسىيە بۈگۈن 7500 ئاتوم بومبىسىغا، 20 مىڭ ئاتوم قاچىلانغان فۈزەگە ئىگە. ئەسكىرى كۈچ جەھەتتە بۈگۈنمۇ ياۋروپا ۋە ئاسىياغا تەھدىت بولۇپ تۇرغان موسكۋا چېچەنىستاننى «پۈۋ» دەپلا ئۇچۇرۇپ تاشلايدىغان كىنچىككىنە بىر ئۇچقۇن دەپ قارىغان ئىدى. بۇ نىيەت بىلەن 1994- يىلى 12- ئاينىڭ 11- كۈنى روس ئارمىيىسى ئاسماندىن ۋە يەردىن چېچەنىستانغا شىددەتلىك بومباردىمان بىلەن ھۇجۇم قىلدى. روسىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى «گىروزنىينى ئىككى سائەتتە، پۈتۈن چېچەنىستاننى ئىككى كۈندە كونتروللىمىز ئاستىغا ئالىمىز.» دېگەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە بىرىېرىم يىل ئۇرۇشۇپ چېچەنىستاننى كونترول ئاستىغا ئالالمىدى. چېچەن ھۆكۈمەت ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشقان چېچەن مۇخالىپ كۈچلىرى روس ئەسكەرلىرىنىڭ چېچەنىستانغا بېسىپ كىرىشى بىلەن ئىچكى ئۇرۇشنى توختۇتۇپ مىللەتنىڭ ئۈچىنى روس ئەسكەرلىرىگە قاراتتى. ئاز ساندىكى ۋەتەن خائىنلىرى چېچەنىستاندىن قېچىپ كەتكەن

بولسىمۇ دۇنيانىڭ قەيەرىدە چېچەنىستانغا خىيانەت قىلغان چېچەن بولسا ئۆلتۈرۈلدى. يوق قىلىندى. چېچەن خەلقى بىر تەن، بىرجان بولۇپ جەڭگە كىردى. چېچەنىستاننىڭ پايتەختى گىروزنىيدە بىرمۇ ساق بىنا، بىرمۇ ساق ئۆي قالمىدى. پۈتۈن شەھەر خارابىگە ئايلاندى. ئۇرۇشتا 40 مىڭ چېچەن ئۆلدى. 200 مىڭغا يېقىن چېچەن ئاھالىسى كافكاسىيادىكى خوشنا دۆلەتلەرگە كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭغا قارشى 70 مىڭ روس ئەسكىرى ئۆلدى. چېچەنىستان ئۈستىگە يامغۇردەك يېغىۋاتقان بومبىلارنى، چېچەن خەلقىنىڭ سۇدەك ئېقىۋاتقان قېنىنى كۆرۈپ تۇرغان ئامېرىكا، بۇ ئۇرۇشنىڭ روسىيەنىڭ ئىچكى ئىشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ روسىيە تەرەپتە تۇردى. بۈگۈن ئىنسان ھوقۇقىنى قوغداشتا ياۋروپادا ئەڭ مۇھىم دۆلەت سانالغان گېرمانىيەنىڭ باش مىنىستىرى ھەلمۇت كول ‹ چېچەنىستان مەسىلىسى روسىيەنىڭ ئىچكى مەسىلىسى › دېگەن پوزىتسىيىنى بىلدۈرۈش بىلەن موسكۋانىڭ قان ئىچىش ھەۋەسىگە تېخىمۇ جاسارەت بەردى. ھەتتا مۇسۇلمان چېچەن خەلقى دۇنيادا ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كۆرگەن تۈركىيەنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمۇ ‹چېچەنىستان مەسىلىسى، روسىيەنىڭ ئىچكى ئىشى› دېيىشكە مەجبۇر قالدى. ھېچ بىر دۆلەتتىن بىر دوللار پۇل، بىر تال ئوق ياردەم

كۆرمىگەن چېچەنلەر قورالنى روس ئەسكەرلىرىدىن، روس ئارمىيىسىنىڭ قورال ئىسكىلاتىدىن تارتىپ ئېلىپ ئۇرۇشنى داۋام قىلدى. چېچەن خەلقىنىڭ ۋەتىنىنى، ئازاتلىقىنى قوغداش يولىدا داۋام ئەتكەن قوراللىق كۆرەشلىرى دۇنيادا كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان ئېغىر شارائىت ۋە دۇنيادا كەمدىن ـ كەم كۆرۈلىدىغان جاسارەت بىلەن ئېلىپ بېرىلدى. چېچەنلەر بۇ ئۇرۇشتا چېچەنىستاندا ياشاۋاتقان روسلارن تەرغداشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. بومبىدىن قۇتۇلغىنىنىش ئاكوپلىرىغا ئەڭ بۇرۇن روس ئائىلىرىنى، باللىرىنى يەتىشتۇردى. يېمەك ـ ئىچمەك يېتىشمەيۋاتقان شارائىتتا ئالدى بىلەن روسلارنى يەيدىغان ـ ئىچىدىغانلار بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇردى. چېچەنىستاندا چېچەنلەر بىلەن بىللە ياشاپ كەلگەن روس ياشلىرى قوللىرىغا قورال ئېلىپ چېچەنلەر بىلەن بىللە روس ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشتى. چېچەنلەر روس ئارمىيىسىدىن ئەسىر ئالغان ئەسكەرلەرنى روس ئائىلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۆز ئائىلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بەردى. موسكۋادىكى بىرمۇنچە گېزىت ـ ژورنال، تېلېۋىزورلار مەتبۇئاتنىڭ بىتەرەپلىك پرىنسىپىتا چىڭ تۇرۇپ چېچەنىستاندا روس ئارمىيەسىنىڭ ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقلىرىنى ھەر كۈن روس خەلقىگە ۋە دۇنياغا كۆرسىتىپ تۇردى. موسكۋا تېلېۋىزورلىرىدا ھەتتا چېچەنىستاندىكى 70، 80

ياشلاردىكى ئانىلارنىڭ، 15، 16 ياشلاردىكى قىزلارنىڭ ۋۇجۇدىغا بومبىلارنى تېڭىپ كېلىۋاتقان رۇس تانكىلىرى ئالدىدا يېتىپ تانكىلارنى پارتىلاتقانلىرىنى مېڭىشقا جۈرئەت قىلمىغان تانكىلار بولسا توختاپ، ئىچىدىن رۇس ئەسكەرلىرى چىقىپ «ھەي ئانا توسما!» دېگەندە چېچەن ئانىلارنىڭ «ئوغلۇم مەن سېنىڭ ئاناڭغا ئوخشاش ئانا، بۇۋەتەنگە مېنىڭ جەسىدىمنى ئېزىپ ئۆتمەي كىرەلمەيسەن، ئارقاڭغا چېكىن!» دېگەنلىرىنى ئەينەن كۆرسەتتى. تېلېۋىزور، گېزىتلەردە رۇس ئارمىيىسىنىڭ چېچەنىستاندىن چىقىپ كېتىشى كېرەكلىكى ھەققىدە ھەر كۈنى رۇس يازغۇچى- مۇخبىرلىرى توختىماي ماقالىلارنى يېزىپ تۇردى. موسكۋا كوچىلىرىدا رۇس ئانىلىرى نامايىش قىلىپ «بىز بالىلىرىمىزنى ئۇرۇش ئۈچۈن تۇغمىدۇق، ھۆكۈمەت چېچەنىستاندىن ئەسكەرلەرنى چېكىندۈرسۇن، ئوغۇللىرىمىز قايتىپ كەلسۇن!» دەپ نامايىشلارنى قىلدى. نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دۇنياغا مەشھۇر رۇس يازغۇچىسى ئالېكساندىر كۇزىرۇپ تېلېۋىزوردا ئۆز كۆزقاراشلىرىنى قانچە قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. زورلۇق كۈچى بىلەن ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش، ئۇمىللەتلەرنى زورلۇق بىلەن بوي سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت كىلاسسىك تاجاۋۇزچىلىق شەكلىدىن ۋاز كېچىش كېرەكلىكىنى، باشقا مىللەتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى



ھاكىمىيىتىنى خالىمىغان ھەر مىللەتنىڭ ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇپ ياشاش ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەكلىكىنى، باشقا مىللەتنىڭ ئازاتلىقىنى بەرمىگەن مىللەتنىڭ ئۆزىمۇ ئازات بولالمايدىغانلىقىنى تەكرار- تەكرار ئىپادە قىلىش بىلەن روس ئارمىيىسىنىڭ چېچەنىستاندىن قايتىپ چىقىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلدى ۋە موسكۋا ھۆكۈمىتىگە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئالدىدا نارازىلىقىنى بىلدۈردى. روس خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا دىققەت قىلمىغان، چېچەن خەلقىنىڭ قوراللىق كۈچىنى، بولۇپمۇ ۋەتەننى قوغداش ئىرادىسىنى كۆزگە ئىلمىغان بورىس يالتسىن چېچەن خەلقىنىڭ مىللىي ئىرادىسى ئالدىدا ئۇرۇشنى توختىتىشقا، تىنچلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. روس ئارمىيىسى چېچەنىستانغا كىرىپ ئىككى يىل بولاي دېگەندە روس ئارمىيىسىنى چېچەنىستاندىن تامامەن چىقىپ كېتىشكە ئىمزا ئاتتى ۋە چىقىپ كەتتى. چېچەنىستان روسىيەدىن ئۇرۇش چىقىمى ئۈچۈن 130 مىليارت دوللار بەدەل ئىستىدى.

چېچەن بايرىقى يىقىلمىدى. چېچەن خەلقى ئۆز ۋەتىنىدىن سۈرگۈن بولۇش خەۋپىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. 40 مىڭ ۋەتەن ئەۋلادى بۇ ۋەتەننىڭ ئەبدىي مۇستەقىل قىلىشى ئۈچۈن ئۆز جانلىرىنى بۇ ۋەتەنگە تەقدىم قىلدى ۋە جەسەتلىرى بۇ مۇبارەك زېمىننىڭ تۇپراقلىرى بىلەن

بىرلەشتى. گەرچە چىچەنىستاندا ساق قالغان بىرمۇ شەھەر قالمىغان بولسىمۇ، 80% يېزىلار ھەم خانىۋەيران بولغان بولسىمۇ، چىچەنىستاننى قايتا قۇرۇپ چىقىشقا يېتىدىغان يەر ئاستى بايلىق يەنىلا چىچەنلەرگە قالدى. ۋەتەننى قوغداش ئۈچۈن پۈتۈن دۇنيانى ھەيران قالدۇرغىدەك ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتىنى كۆرسەتكەن بۇ خەلق تەبىئىكى ئىگىلىگىنى قايتا تىكلەش ئۈچۈن قانچىلىك غەيرەت بىلەن ئىشلەيدىغانلىقىنى قىياس قىلىش تەس ئەمەس. ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى، مىللى ئىرادىسى ئۈستۈن بىر مىللەت قانچىلىك كىچىك ۋە ئاز بولسىمۇ ئۇ مىللەتنىڭ ۋەتىنىنى ھېچقانداق كۈچ تارتىپ ئالالمايدىغانلىقىنى قەھرىمان چىچەنلەر ئىسپاتلىدى. بۇ پاكىت ئېزىلگەن شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئىلھام ۋە جاسارەت مەنبەسىدۇر.

چىچەن خەلقىنىڭ، پۈتۈن دۇنيانى قورقۇتۇپ تۇرغان روس ئارمىيىسىگە قارشى ئۇرۇشتا قانچىلىك چىقىم تارتىشتىن قەتئىنەزەر ۋەتىنىنى، بايرىقىنى، دۆلىتىنى قولىدا ساقلاپ قالالىشىنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن شۇ بىر ئاددى مىسال كۇپايە :

1944- يىلى چىچەنىستاندىن سۈرگۈن بولۇپ چىققاندا نېخى بالاغەتكە يەتمىگەن بىر قىز 1995- يىلى بولسا يېشى 70 لەردىن ئاشقان، 50 يىلدىن ئارتۇق ھاياتىنى قازاقىستان داللىرىدا ئۆتكۈزگەن، مەرھۇم ئاتا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئانىسىنى بۇ زىمىنلارغا دەپنە قىلغان بىر موماي 1990- يىلدىن كېيىن ئورتا ئاسىيادا قالغان چىچەنلەر بەس - بەس بىلەن ئۆيلىرىنى سېتىپ چىچەنىستانغا قايتقاندا بولسا ئاتا. ئانىسىنىڭ ۋە ئېرىنىڭ قەۋرىسىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماي بۇ يەردە قالغان بىر ئانا، ئۇنىڭ ئۇششاق تىجارەت بىلەن مەشغۇل بىر ئوغلى بار چىچەنىستاندا ئۇرۇش پارتىلىغاندا ئانا ئوغلىنى چاقىرىپ «دادىڭ چىچەنىستان ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان بۇ كۈننى كۈتۈپ ئۆلۈپ كەتتى. بۈگۈن ساڭا ئوخشاش چىچەن بالىلىرى يۇرتىمىزدا ئۇرۇشۋاتىدۇ، سەنمۇ كېتىپ شۇلارغا قوشۇل ئوغلۇم. ئۇرۇشتىن هايات قايتساڭ كۆرۈشەرمىز، بىر- بىرىمىزنى كۆرەلمەي قالساق، ئۇ دۇنيادا ئاللانىڭ هوزۇرىدا كۆرۈشەرمىز، مەندىن هېچ غەم قىلما. ئۆلۈپ كېتىپ قالسام خوشنىلىرىم دادىڭنىڭ يېنىغا كۆمۈپ قويىدۇ.» دەپ ئوغلىغا نەسىھەتلەرنى قىلىپ، يىللارچە ساقلىغان ئالتۇن بىلەيزۈكلىرىنى سېتىپ، بۇ پۇلنى قورال ئېلىش ئۈچۈن ئوغلىغا بېرىپ ئۇنى چىچەنىستانغا يولغا سالىدۇ. ئوغلىمۇ ئانىسىنى مەمنۇن قىلىپ چىچەنىستانغا كېتىدۇ. بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئوغلى تونۇش بىرسىدىن ئانىسىغا پۇل ئەۋەتىدۇ. ئانا هەيران بولۇپ پۇل ئەكەلگەن كىشىدىن سورايدۇ ۋە ئوغلىنىڭ چىچەنىستاندا ئەمەس موسكۋادا تىجارەت قىلىپ

يۈرگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئانا بىر ئامالللارنى قىلىپ بىر تاپانچا سېتىۋالىدۇ ۋە ئالماتادىن پويىزغا ئولتۇرۇپ موسكۋاغا بارىدۇ، ئوغلىنى تاپىدۇ. ئانىسىنى كۆرگەن ئوغۇل ھەيرانلىق ۋە خوشاللىق ئىچىدە يۈگۈرەپ كېلىپ ئانىسىنى باغرىغا باسىدۇ، ئانىمۇ ئوغلىنى باغرىغا باسىدۇ. ئوغلىنى قۇچاقلاۋاتقان ئانا بىر قولىدا يېنىدىكى تاپانچىنى چىقىرىپ بىرقانچە پاي ئوقنى ئوغلىغا ئاتىدۇ، ئوغۇل جان بېرىدۇ. نەق مەيداندا ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلغان ئانا نېمىشكە ئۆلتۈردۈڭ دىگەن سۇئالغا: «چېچەن ئانىلىرى خائىن ئوغۇل تۇغمايدۇ، بۇ بالىنى مەن خاتا تۇغۇپ قويدۇم، شۇ خاتانى تۈزىتىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزەم يوقاتتىم.» دەيدۇ. ئەمىلىيەتتە بولسا ئانا ھېچ خاتا تۇغمىغان ئىدى. ئوغۇل چېچەنىستانغا كېتىشكە ھازىرلىنىۋاتقاندا چېچەن تەشكىلاتى تەرىپىدىن موسكۋاغا ئەۋەتىلگەن، ئۇ يەردە تىجارەت قىلغاچ يۈرۈپ چېچەنىستانغا ئىشانە توپلاپ ئېۋەتىش ۋەزىپىسى بېرىلگەن. ئوغۇل تەشكىلات مەخپىيەتلىگىنى ئانىسىغا ئېيتالمىغان. ئۆزىدىن باشقا قارايدىغان ھېچ كىمى بولمىغان ئانىسىغا موسكۋادىن پۇل ئەۋەتىشنىمۇ ئۇنۇتمىغان. 50 يىللىق ھاياتىنى ۋەتىنىدىن باشقا يەردە سۈرگۈن ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بىر ئانا، باشقا بىر ۋەتەندە تۇغۇلغان، ئەجداتلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ۋەتىنىنى ھېچ كۆرمىگەن بىر ئوغۇل كۆڭلىدىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇرمۇشنى قانداق ھېس ئەتسە، يىراقتىكى ۋەتىنىنىڭ ئېھتىياجى بولغاندا بارلىقىنى ۋە جېنىنى ۋەتەن ئۈچۈن تەقدىم قىلىشنى كۆزدىلىك نورمال ھاياتىغا ئوخشاش نورمال بىلگەن بۇ ئىنسانلارنى ياراتقان بۇ ۋەتەنىنىڭ، دۈشمەنىنىڭ ئاياق ئاستىدا يەنچىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىنمۇ؟

ئازاتلىق ـــــ ئازا!! ھقا تەلپۈنگەن ۋە شۇ ئازاتلىققا لايىق يېتىشكەن ئىنسانلارنىڭ ھەققىدۇر.

مۇستەملىكە ئاستىدىكى بىر ۋەتەن ئالدى بىلەن ئۇ ۋەتەنىنىڭ ئىگىسى بولغان ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ئازات بولىشى لازىم، قەلبلەردە ئازات بولغان ۋەتەن، سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق تاجاۋۇزچى ئۈچۈن مازار بولۇش ۋەزىپىسىنىلا ئۆتەيدۇ. ئەگەر ئۇ ۋەتەن ئىگىلىرىنىڭ قەلبىدە ئازات بولمىغان بولسا، ئۇھالدا ئۇ ۋەتەن دۈشمەنلەر ئۈچۈن گۈلستان؛ ئىگىلىرى ئۈچۈن مازار بولۇشنى داۋام ئېتىدۇ خالاس.

چېچەنلەرنىڭ قەلبىدە ۋەتىنى ھەر زامان ئازات ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زېمىنغا بېسىپ كەلگەنلەر ئۈچۈن چېچەنىستان مازار بولدى. چېچەنىستانىنىڭ ئېپپەت ـ نومۇسىنى ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بولغان چېچەنلەر تارىخ بويىچە داغ تەككۈزمەي قوغدىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن چېچەنىستان كىچىككىنە بىر يەر بىرلىشىغا قارىماي پۈتۈن دۇنيادا بۈيۈك بىر ئېتىبار

قازاندى ۋە پەقەت شەرقتىلا قالغان مەزلۇم مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئىلھام مەنبەسى. قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇشتا يول كۆرسەتكۈچى مەشئەل بولدى. مەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن چىچەننىستاننىڭ مىللى مارشىنى تەرجىمە قىلىپ سىزلەرنىڭ دىققىتىڭىزگە ئىلاۋە قىلىشنى ئۇيغۇن كۆردۈم.

كېچە بۆرە تۇغقاندا، دۇنياغا كۆز ئاچتۇق بىز،
ھۆكىرىگەندە تاڭدا بىز، ئارسلان قويۇلدى ئىسمىمىز.
لا ئىلاھە ئىللەللاھ.

بۈركۈتلەر ئۇۋىسىدا سۈت ئەمدۈردى ئانىمىز،
ئات ئۈستىدە ئۆگەتتى جەڭ قىلىشنى ئاتىمىز.
لا ئىلاھە ئىللەللاھ.

ھەق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن يېتىشتۈردى ئانىمىز،
كىم ئۇنىڭغا كۆز تىكسە، مەرگەن بولدۇق ھەممىمىز.
لا ئىلاھە ئىللەللاھ.

بىز تاغلارنىڭ بۈركۈتى زەپەرلەردە يېتىشكەن،
ئاپەتتىن ۋە ئۈرۈشتىن ھېچ يېڭىلىپ چىقمايمىز.
لا ئىلاھە ئىللەللاھ.

ھارارەتتىن تاغ ـ تاشلار ئېرىسىمۇ سۇ كەبى،
ھاياتتىن ۋە ئۈرۈشتىن يۈزى قارا چىقمايمىز.
لا ئىلاھە ئىللەللاھ.

بومبىلاردىن توزغاقتەك تىتىلساڭمۇ دىيارىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى



ياۋ ئالدىدا قورقۇنچاق بولۇپ ساڭا قايتمايمىز.
لا ئىلاھە ئىللەللاھ.
ھېچ بىر زامان ھېچ كىمگە بوي سۇنمىدۇق ئەزەلدىن،
ھۆرلۈك ئۈچۈن يا زەپەر، يا ئۆلۈمنى تاللايمىز.
لا ئىلاھە ئىللەللاھ.
گېزى كەلسە چۆپ يەيمىز، ياپراق سىقىپ ئىچىمىز،
يوقسۇزلۇقتا، ئاچلىقتا زادى بويۇن ئەگمەيمىز.
لا ئىلاھە ئىللەللاھ.
كىچىك بوره تۇغقاندا دۇنياغا كۆز ئاچتۇق بىز؛
خۇدايىمغا، ۋەتەنگە: خەلقىمىزگە سادىق بىز.
لا ئىلاھە ئىللەللاھ.
ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر. ئاللاھۇ ئەكبەر.

قەھرىمان چېچەنىستان پۈتۈن دۇنيانىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى. دۆلەتلەرنىڭ ھېچ بىرى چېچەنىستانغا ياردەم قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ خەلقى ۋە ئىنسانىي ياردەمنى ئۆزىگە ۋەزىپە بىلگەن بىرمۇنچە خەير سۆيەر تەشكىلاتلار ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدى. پەقەت تۈركىيەدىكى «ئىنسانىي ياردەم تەشكىلاتى» بىر يىل ئىچىدە چېچەنىستانغا 4 مىليون دوللار نەق پۇل ۋە 10 مىڭ تونىنا يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك ۋە باشقا ياردەم ئەشيالىرى ئېۋەتتى. روسىيەنى ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دۇنيادىكى

ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ دوستلىرى چېچەنىستاننى ئۇرۇش مەيدانىدا يالغۇز قويمىدى. ئۇرۇش جەريانىدا چېچەن مۇجاھىتلىرىدىن 25 مىڭ، قورالسىز ئاھالىدىن 15 مىڭ، جەمئىي 40 مىڭ ۋەتەن ئەۋلادى شېھىت بولدى. چېچەنىستاننىڭ دۆلەت باشلىقى، گېنېرال جەۋھەر دوداييېۋ 1996- يىلى 4- ئاينىڭ 24 - كۈنى چېچەنىستاننىڭ گەكھى - شۇ دىگەن يېرىدە روس بومباردىمانى بىلەن 52 يېشىدا شېھىت بولدى. ئەمما چېچەن مۇجاھىتلىرى ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى. 1996 - يىلى 8- ئايدا روسىيە ھۆكۈمىتى ئۇرۇشنى توختۇتۇپ كېلىشىم قىلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە چېچەنىستان بىلەن ئۇرۇش توختۇتۇش كېلىشىمى ئىمزالىدى. 1997- يىلى 5 - ئاينىڭ 12- كۈنى روسىيە دۆلەت باشلىقى بورىس يېلتسىن بىلەن چېچەنىستان دۆلەت باشلىقى ئارسلان مەشەدوۋ، موسكۋادىكى كىرومۇېل سارىيىدا « روس - چېچەن ئارىسىدا 400 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇردۇق. » دەپ ئېلان قىلغان تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاندى.

چېچەنىستاندا تۆكۈلگەن قان، بېرىلگەن شېھىتلەر بىكارغا كەتمىدى. چېچەنىستان ئەبەدى مۇستەقىللىققا ئېرىشتى. بۇ پاكىتتىن شۇنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇكى، زۇلۇم قىلغۇچى زالىم قانچىلىك جىنايەتكار بولسا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى www.uyghurkitap.com



زۇلۇمنى قوبۇل قىلغۇچى مەزلۇممۇ شۇنچىلىك جىنايەتكاردۇر. چۈنكى زالىم ئۆزكۆچىنى مەزلۇملارنىڭ ئىچىدىن ئالىدۇ. زالىمنىڭ زۇلمىنى مەزلۇم رەت قىلسا؛ ئۇ ھېچ كىمگە زۇلۇم قىلالمايدۇ.

چېچەنىستانغا قارىغاندا شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتى، مۇھىتى، ئىمكانلىرى ئۇرۇش قىلىشقا ۋە بۇ ئۇرۇشنى ئۇززۇن ۋاقىت داۋاملاشتۇرۇشقا پەۋقۇلئاددە پايدىلىق. ۋەتەننى قۇتقۇززۇش روھى ۋە ئىرادىسىمۇ خەلقىمىزدە، بولۇپمۇ مۇجاھىت ياشلىرىمىزدا چېچەنلەردىن كەم ئەمەس. پەقەت تەشكىللىنىش، باشلاش ۋە بۇ ئۇرۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش بۇ ئىنقىلاپنىڭ ئېغىر يۈكىنى زىممىسىگە ئالغان مىللى يولباشچىلارنىڭ قارار قىلىشىغا باغلىقلا قالدى.

ئىنشائاللاھ ، چېچەن روھى شەرقىي تۈركىستاندا تېز سۈرئەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. ئىماننىڭ تەڭداشسىز كۈچىنى قەھرىمان چېچەنلەر دۇنياغا كۆرسەتتى. شۇ ئاندا ئىماننىڭ تەڭداشسىز كۈچىنى دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم كۆرسىتىش نۆۋىتى باغرى ئىنتىقام ـ قىساس تۇيغۇسى بىلەن تولغان، ئازاتلىققا تەشنا ، مەزلۇم شەرقىي تۈركىستانغا كەلدى.

## ھەممىدىن مۇھىم مىللى ۋەزىپە ـ ئىتتىپاقلىق.

بىر مىللەتنى توپ ـ زەمبىرەك، ئايروپىلان، راكېتا، تانكا، پىلىموتلارنىڭ تار ـ مار قىلالمايدىغانلىقىنى چېچەنلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلانغانلىقىنى كۆردۇق. ئەمما دۈشمەن قورال كۈچى بىلەن پارچىلىيالمىغان مىللەتنى ئىچكى ئىختىلاپلار، ئىتتىپاقسىزلىق. ھەر كىم ئۆزىنى ئەقىللىق، ئۆزىنىڭكىنى توغرا ھېساپلاشتىن كېلىپ چىققان مەنمەنچىلىك ۋە بۇ سەۋەپتىن مىللەتنىڭ گورۇھلارغا بۆلۈنۈشى نەتىجىسىدە تار ـ مار بولۇپلا قالماي خەلقىمىزنىڭ قۇربانلىق قويلارغا ئوخشاش ئۆلۈم ئالدىدا چارىسىز ھالدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكلىرىنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى تارىختىكى پاجىئەلىرىدە كۆردۇق. بۇ قانلىق ساۋاقلاردىن بىز ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك ۋە ئىبرەت ئالالايمىز. چۈنكى بىز كونا ئۇيغۇرلاردىن ئەمەس. كونا مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس. بىز يېڭى ئۇيغۇرلار، يېڭى مۇسۇلمانلارمىز. بىزنىڭ كونىلاردىن پەرقىمىز، خىتايلارنىڭ بىزنى بوزەك قىلىشىغا، خارلىشىغا، ئۆلتۈرۈشىگە ھېچ سۈكۈت قىلىپ تۇرمايمىز. بىز بۇ ۋەتەندە چەتئەللىكلەرگە قۇل بولغۇچىلارنىڭ ئەۋلادى ئەمەسمىز. بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىز، بۇ زېمىندا بۇ خەلقىمىزنى مۇسۇلمانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



بىلەن شەرەپلىنىشكە ۋەسىلە بولغان، ۋەتىنىمىزنى مۇستەقىل، مىللىتىمىزنى ئازات، دىنىمىزنى مۇبارەك قىلىپ مۇھاپىزەت قىلغان كىشى سۇلتان سۇتۇق بوغراخاندۇر. بىز سۇلتان سۇتۇق بوغراخاننىڭ، سۇلتان سەئىد خاننىڭ خاننىڭ، ياقۇپ بەگنىڭ، سابىت داموللام، مۇھەممەت ئەمىن بوغرانىڭ، ئىلىخان تۆرەمنىڭ ئەۋلاتلىرىمىز.

بىز ئاپپاق غوجا، بورھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزىلەرنىڭ ئەۋلادى ئەمەس. ۋەتەن ساتقۇچلار ۋە سېتىلغان بۇ مۇبارەك ۋەتەندە بېشىنى ئىگىپ خىتايلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىگەنلەر تارىخىمىزنىڭ ئەڭ لەنەتلىك مەلئۇنلىرىدۇر. زۇلۇمغا بوي ئىگىپ ئۆتكەنلەرمۇ بىزدىن ئەمەس. ئەمما، ئىككى يۈز يىللىق ھاقارەتلىك مۇستەملىكە تارىخىمىزدا بولۇپمۇ 50 يىلغا يېقىن كوممۇنىست مۇستەملىكىسى ئاستىدا مىللىي پىسخولوگىيىمىزدە، مىللىي ئەخلاقىمىزدا ئېغىر كىرلىنىش بولدى. كوممۇنىستلاردىكى يۈزسىزلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك، ئۆز- ئارا سۇيىقەست، كىشىلەر ئارىسىغا زىددىيەت ئۇرۇقىنى چېچىش، باشباشتاقلىقتا قۇترىتىش ھۈنىرىنى ئۆگەنگەن يەنە بىر مۇنچە ئادەملەر بار. بۇ خىل ئادەملەر ئۇ مىجەز- خۇلقى بىلەن بىزنىڭ مىللىي ئىنقىلاپ سېپىمىزگە كىرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا ؛ مەن يېيەلمىگەن

ئاشقا توپا چۈشسۇن. » دەيدىغانلارمۇ بار. بۇخىل ئادەملەر توغرا نىيەت بىلەن مىللىي ئىنقىلاۋىمىزغا قوشۇلمايدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى شۆھرەت بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، خەلقىمىزنىڭ مىللىي ۋە دىنىي تۇيغۇلىرىدىن پايدىلىنىپ لىدەر بولۇش، مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن قاتنىشىدۇ ۋە شۇ نىيىتىگە كۆرە ئەتراپىغا ئادەم توپلايدۇ. مىللىي مەپەئەتىمىزنىڭ پايدا- زىيىنى بىلەن ھېساپلاشمايدۇ. بەزىلىرى « ۋەتەنپەرۋەرلىك » سۆزىنى خۇددى مېھماندارچىلىقتا كىيىدىغان يېڭى كىيىم قاتارىدا كۆرىدۇ. جامائەتنىڭ ئالدىغا چىققاندا بۇ « كىيىم » نى كىيىدۇ. ئۆيگە كەلگەندە يېشىپ ئىشكاپقا سېلىپ قويىدۇ. بەزىلىرى « ۋەتەنپەرۋەرلىك » نى قوساق تويغۇزۇشنىڭ ۋاستىسى ياكى تىلەمچىلىك قىلىدىغان « تاۋاق » قاتارىدا كۆرىدۇ.كېيىنكى ئىككى خىل كىشىلەر ۋەتەن، مىللەتكە چوڭ زىيان يەتكۈزەلمىسىمۇ، ئەمما ھەقىقى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتسۆيەرلەرنىڭ جەمىيەتتىكى ئابرويىنى خۇنىكلەشتۈرۈشتە دۈشمەنلىرىمىزگە ۋاستە بولۇپ بېرىدۇ. بىز ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىگى، خەلق ئىچىدە ئاز- تولا ئابرويى بار ئەمما كۆرەلمەس، ھەسەتخور، شۆھرەتكە ئامراق، بىراق، « ئۆزۈم پىش، ئاغزىمغا چۈش » دەيدىغان ئادەملەردۇر. بۇلار ئىنقىلاپ بولمىسىمۇ مەيلى، ۋەتەن، مىللەت قۇتۇلمىسىمۇ مەيلى،

ئۇيغۇر كىتاب تورېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئەمما باشقىلارنىڭ « ئىنقىلاپچى » دىگەن نامى چىقمىسۇن دەيدىغانلار. ئىنقىلاپ سىپىگە كىرىۋالغان بۇ خىل ئادەملەرنىڭ زىيىنى قوراللىق دۈشمەندىن ئېغىر بولىدۇ. خەلقىمىز دۈشمەننىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەيدۇ. ئەمما ئىنقىلاپچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ خىل ئادەملەرنىڭ گېپىگە ئىشىنىدىغان ساددا ئادەملەر كۆپ. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ مۇجاھىتلار ئارىسىدا، ئىنقىلاپ يېتەكچىلىرى ئارىسىدا، ئۇ يۇرتلۇقلار بىلەن بۇ يۇرتلۇقلار ئارىسىدا پىتنە تارقىتىشىدىن، ئارىمىزنى بۇزۇشىدىن قەتئى ھوشيار بولىشىمىز لازىم. ئۆزىنى تۆزەتمىگەن بۇزغۇنچىلارنى ۋەتەن خائىنلىرى قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بىر نەچچە ئادەمنىڭ چىقىم بولىشى مۇھىم ئەمەس، مىللى سېپىمىزنىڭ بۇزۇلماي ئۆيۇل تاشتەك تۇرۇشى ھەممىدىن مۇھىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئىتتىپاقلىقنى ، بىرلىكنى بۇزىدىغان بەزى ئامىللار ياخشى نىيەتلىك، ھەتتا مۇجاھىت، مۇجاھىت يولباشچىلىرى بولغانلاردىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشنى توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان بىر ھادىسە. بەزىلەر دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلغان؛ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن مىللەت ئىچىدە ئېتىۋارغا ئېرىشكەن، ئەمما مەدىنىيەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىگىدىن ياكى مىجەزى سەۋەبىدىن ئۆزىنى ئاللا ياراتقان بىر بەندە ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇپ، « مەندىن باشقىلار ھېچنىمە ئەمەس » دەيدىغان كىبىر

بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇخىل خاتا خاھىش دەرھال تۈزىتىلمىسە ياكى ئالدى ئېلىنمىسا، ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇشقا ئوخشاش پاجىئەلەرنىڭ ئۇرۇغى ۋەتىنىمىزدە چېچىلغان بولىدۇ ۋە بۇ خاتانىڭ بەدىلىنى كېلەچەكتە مىللىتىمىز ئۆتەشكە مەجبۇر قالىدۇ. دۈشمەن بۇ پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ كېتىدۇ.

بەزىلەر ياخشى يېتىشكەن دىنىي ئەرباپ، جامائەت ئىچىدە ھۆرمىتى بار، جىھادنىڭ ھازىرلىنىشىدا ھەسسى بار. ئەمما، يەنىلا مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە مىجەزى، تەجرىبىسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۆزىنى پەۋقۇلئاددە چوڭ سانايدىغان كىبىر ۋە تەكەببۇرلۇق ئىچىدە باشقا دىنىي جامائەتلەرنى، دىنىي ئەرباپلارنى تۆۋەن كۆرىدىغانلار، ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ مۇسۇلمانلىقىدىن گۇمانلىنىدىغانلار ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن. بۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ئالدى ئېلىنمىسا يەنىلا مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ، ئازاتلىق ئۈچۈن جىھاد قىلغۇچىلارنىڭ سېپىدە ئېغىر بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بەزىلەر بىر تۇخۇمنى تۇغۇپ قويۇپ پۈتۈن مەھەللىگە قاقاھلاپ خوش خەۋەر بېرىشكە ئالدىرىغان توخۇدەك، قىلغان خىزمىتىنى باشقىلارنىڭ كۆرمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. مىللى سېپىمىز زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



شۇنى بىلىش كېرەككى، ۋەتىنى دۈشمەن ئىشغالى ئاستىدىكى ھېچبىر مىللەتنىڭ مىللى داھىلىرى؛ دىنىي داھىلىرى، قەھرىمانلىرى، ئالىملىرى؛ شائىر-يازغۇچىلىرى، ئىنقىلاپچىلىرى باشقا مىللەتلەر تەرىپىدىن تونۇلغان ئەمەس. ئالدى بىلەن مىللەت ئازات بولىدۇ، دۆلەت مۇستەقىل بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇ دۆلەتنىڭ تارىختىكى پۈتۈن مىللى داھىلىرى، دىنىي داھىلىرى، قەھرىمانلىرى، ئالىملىرى، يازغۇچى - شائىرلىرى ۋە باشقىلىرى تونۇلۇشقا باشلايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا بىر دۆلەت بار. مىللەت قۇل ھاياتتا، ۋەتەن دۈشمەن ئىشغالى ئاستىدا تۇرغان ۋەزىيەتتە كىم تونۇلۇشقا قانچىلىك ئالدىرىسا ئالدىرىسۇن دۇنيا ئۇنىڭغا ئېتىۋار قىلمايدۇ. شۇڭا تونۇلۇشنى ئارزۇ قىلغانلار پۈتۈن بارلىقىنى ۋەتەنىنىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى، دىنىنىڭ، مەدىنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇنكى، ئۇ خىزمەتلىرىنىڭ ئۆزى ئۇلارنى ھەم مىللىتىگە، ھەم دۇنياغا تونۇتىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى جانابىي ئاللاھ ئالدىدا ھەر ئىككى دۇنيادا يۈزى يورۇق بولىدۇ.

بۈگۈن شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن دۇنيا بىلىدىغان ئىككى ئۇلۇغ شەخس بار. بىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، يەنە بىرى مەخمۇت قەشقەرىي. ئۇلار كىملەر؟ ئۇلار 10- ئەسىردە شەرقىي ۋە غەربىي

تۈركىستاننى ئۈز ئىچىگە ئالغان مەركىزى قەشقەر بولغان قاراخانىيلار دۆلىتىدە مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شەخسلەر. « قۇتادغۇبىلىك » دۆلەت قۇرۇش ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھەققىدە يېزىلغان دۇنيادىكى تۇنجى كىتاپ بولۇپ، ياۋروپا ئالىملىرى « ياۋروپا دۆلەتلىرى دۆلەت تەشكىلاتى قۇرۇشنى ۋە دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىشنى قۇتادغۇبىلىكتىن ئۆگەندى. » دەپ يازىدۇ. بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ. « دىۋان لوغەتى تۈرك » (يەنى تۈركىي تىللار دىۋانى) دۇنيادا تىل لوغىتى تۈزۈشنىڭ تۇنجى نەمۇنىسى. بۇ كىتاپتىن بۇرۇن دۇنيادا تىل لوغىتى بولغان ئەمەس. بۇ كىتاپنىڭ ئاپتورى بولسا مەخمۇت قەشقەرى.

ئەگەر مۇستەقىل مىللى دۆلىتىمىز بولمىسا ئىدى، بۇ دۇنياۋى ئالىملار، بۇ تارىخىي شەخسلەر مەيدانغا كېلەرمىدى؟

شۇ ئاچچىق ھەقىقەتنى سۆزلەشكە مەجبۇرمەنكى، ۋەتىنىمىز غەيرى مىللەتلەر تەرىپىدىن ئىستىلاقىلىنغان تارىختىن بېرى دۇنيا سىياسى تارىخىدا، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئىسمى يېزىلغان بىرمۇ شەرقىي تۈركىستانلىق يوق. نىمىشقا؟ چۈنكى، تارىخىي شەخسلەرنىڭ يارىتىلىشىغا ئىمكان يارىتىپ بېرىدىغان مىللى دۆلىتىمىز يوق ئىدى.

بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر ئانىلىرى تالانتلىق، قابىلىيەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى



بالا تۇغالمىدىمۇ؟ تۇغدى. ئەمما، يات ھاكىمىيەتلەر ئۇلارنىڭ تالانتىنى كۆرسىتىدىغان مەيدان بەرمىدى. ياكى ئۆزلىرى ئۇچۇن ئىشلەتتى. ئەسلىدە خەلق ئىچىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا تېگىشلىك ئادەملەر نەپرەتكە سازاۋەر بولدى. ياكى مىللەت تەرىپىدىن خاتىرىلەنمىدى. مۇستەقىللىق، ئۆز- ئۆزىگە خوجا بولۇش ــ ئۇ مىللەتنى، ئۇ مىللەت مۆتىۋەرلىرىنى تونۇتۇشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتىدۇر. ۋەتەننى دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشى جەريانىدا، ھەممىدىن مۇھىم مىللى ۋەزىپىنىڭ ئىتتىپاقلىق ئىكەنلىكىنى قايتا- قايتا تەكىتلەيمەن.

ئىتتىپاقلىق، ئىتتىپاقلىق، ئىتتىپاقلىق دەپ داۋاملىق تەكرارلاشقا ۋە بۇ ئىتتىپاقلىققا ئەمەل قىلىشقا پەۋقۇلئاددە ئېھتىياجىمىز بار. مىللى ئىتتىپاقلىقنى بۇزغۇچىلارنى كەچۈرمەيمىز. ئۇ ھەتتا ئۆز ئوغلىمىز بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يۈرىگىمىز كۆيۈپ تۇرسىمۇ، كۆز يېشى تۆكۈپ تۇرۇپ ئۇنى بوغۇزلاشقا مەجبۇرمىز. چۈنكى، باشقا چارىمۇ يوق.

بىزنىڭ خەلقىمىز دۇنيادىكى ئەڭ ئاق كۆڭۈل، ئەڭ سەممىي، ئەڭ مەرت، ئەڭ كەڭ قورساق، ئەڭ مېھماندوست، ئەڭ خۇشچاقچاق خەلقتۇر. خەلقىمىزنىڭ خاراكتېرىدە ئىتتىپاقلىقنى تەمىن ئېتىدىغان بارلىق ئامىللار مەۋجۇت. پەقەت بىز خائىن ۋە

بۇزغۇنچىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى قەتئى تەدبىرلەر بىلەن چەكلىيەلىسەكلا، مىللى بىرلىكىمىز پولات سېپىلگە ئايلىنىدۇ. دۈشمەن قانچىلىك كۈچلۈك بولسىمۇ بىزنى ھېچنىمە قىلالمايدۇ.

مىللى سېپىمىزنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا، شەرقىي تۈركىستانىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى، خەلقىمىزنىڭ ئازاتلىقىنى ئارزۇ قىلغان ھەممە تەشكىلات، گورۇھ، جامائەت، شەخسلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ مۇجاھىتلار سېپىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قارايمىز.

ئىستىقلالىمىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن:

1ـ پەقەتلا دىن ئۈچۈن، ئىسلام ئۈچۈن دەپ يولغا چىققانلار بار. 2 ـ دىن ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن دەپ يولغا چىققانلار بار. 3 ـ ۋەتەن ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن دەپ يولغا چىققانلار بار. 4ـ پەقەت ۋەتەن ئۈچۈن دەپ يولغا چىققانلار بار. ئەمما ھەممەيلەننىڭ بىرلىشىدىغان بىر نۇقتا، بىر نىشانى بار. ئۇ بولسىمۇ ۋەتىنىمىزدىن جۇڭگونىڭ مۇستەملىكچى كۈچلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىش؛ خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇن مۇستەقىل، ئەركىن بىر دۆلەت قۇرۇش.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ يەرلىك خەلقى، بولۇپمۇ ئاساسى گەۋدىنى تەشكىل قىلغان ئۇيغۇرلار يۈزدەيۈز مۇسۇلمان خەلقتۇر. دۇنيادا بىر مىللەتنىڭ تامامەن بىر دىنغا مەنسۇپ بولىشى ئاز كۆرۈلگەن بىر ھادىسە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۈگۈن ئەرەپلەر ئىچىدە مۇسۇلمانلار بار، خرىستىيانلار بار، مۇسەۋىيلەر (يەھۇدى دىندىكىلەر) بار. تۈركلەردىمۇ مۇسۇلمانلار بار، خرىستىيانلار بار، مۇسەۋىيلەر بار. بۈگۈن ئىسرائىلىيەدە كۆچمەن 30 مىڭ تۈرك يەھۇدىسى ياشايدۇ. تۈركچە مەكتەپلەر بار. ئۆزبەكىستاننىڭ بۇخارا، سەمەرقەنت رايونلىرىدا 50، 60 مىڭ ئەتراپىدا ئۆزبېك يەھۇدىسى بار. ئەمما ئۇيغۇرلاردا مۇنداق بىر ھادىسە يوق. پۈتۈن مىللەت ئۆزىنى مۇسۇلمان قوبۇل قىلىدۇ. گەرچە ھەممەيلەن ئىسلام ئەقىدىلىرىنى تولۇغى بىلەن كۈندىلىك ھاياتىدا ياشىتالمىسىمۇ، بەزىلەر ھەتتا ئىسلام دىنىغا خىلاپ ھايات يولىدا ياشاۋاتسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ھېساپلايدۇ. ھەتتا ھاراق ئىچىپ مەس يانقان بىرسىنى «ئىمانسىز» دىسىگىز خاپا بولىدۇ. ۋە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى، ھاراقنى دەرتتىن ئىچكەنلىكىنى سۆزلەشكە باشلايدۇ. بىرقىسىم ۋەتەنداشلىرىمىزنىڭ ئىماندىن ئۇزاقلىششى، شەرقىي تۈركىستاندا 50 يىل توختاۋسىز ئېلىپ بېرىلغان خۇداسىزلىق تەشۋىق - تەربىيە، مۇسۇلمان خەلقىنى ئىسلام دىنىدىن ئايرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان زۇلۇم ۋە بېسىم ئۈستىگە قۇرۇلغان كوممۇنىست مۇستەملىكىچى تۈزۈمنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئەلىرى. بۇ ئۇلارنىڭ گۇناھى ئەمەس. ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بەزىلىرى دىنىي

تەربىيەدىن مەھرۇم يېتىشكەن زىيالىلىرىمىزنىڭ بىلىملىك، ۋەتەنپەرۋەر، مىللەت سۆيەر بولۇشىغا قارىماي، بىزنىڭ كېيىن قېلىشىمىزنى، مۇنقەرز بولۇشىمىزنى ئىسلام دىنىدىن كۆرىدۇ. بۇ ئاتېزىم تەربىيەسىدە يېتىشكەن، ئۆز تارىخىنى ياخشى بىلمەيدىغان، رېئاللىقنىمۇ ياخشى تەتقىق قىلمىغان، ئۆز مىللى مەدىنىيىتى بىلەن ياخشى تونۇشمىغان كىشىلەرنىڭ پىكرىدۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ بىلسىمۇ مۇسۇلمان ھاياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن تارىختا خۇراپاتلىق تۈپەيلى مىللىتىمىز ئىچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بەزى خاتالىقلارنى ئىسلام دىنى دەپ بىلىدۇ. بىز مۇسۇلمان بولۇپ مۇنقەرز بولغان بولساق، كېيىن قالغان بولساق، تىبەتلىكلەر، موڭغۇللار مۇسۇلمان ئەمەس تۇرۇقلۇق مۇنقەرز بولدى؛ كېيىن قالدى؛ بۇنىڭغا نىمە دەيمىز؟

بىزنىڭ كېيىن قېلىشىمىزدا جۇغراپىيۋى، تارىخي شارائىتتىن كېلىپ چىققان بەزى مەسىلەرنى دىنغا ئارتىپ قويۇش ھەقسىزلىق بولىدۇ. كېيىن قالغان ئىسلام دىنى ئەمەس بىز. دىنغا نۇقسان يەتكۈزگەنمۇ بىز. بولۇپمۇ بىز ۋەتەننى قوغداش ۋە ۋەتەننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پۈتۈن تارىخي كۆرۈنۈشلەرگە قارايدىغان بولساق ئىنقىلاپ يېتەكچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىمانى كامىل، قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن تولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



كىشىلەردۇر. ياقۇپبەگ بەدەۋلەت ھەربى ئادەم بولسىمۇ ئىمانى كامىل بىر مۇسۇلمان ئىدى. غوجىلار ئىنقىلاۋىدىكى بورھانىددىن غوجىدىن باشلاپ پۈتۈن ئىنقىلاپ يولباشچىلىرى دىنى رەھبەرلەر ئىدى. 1933- يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى سابىت داموللام دىنى ئالىم ئىدى. خوتەن ئىنقىلاۋىنىڭ يولباشچىسى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسچىسى مۇھەممەد ئەمىن بوغرا دىنى ئالىم ئىدى. غۇلجىدا 1944- يىلى قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە دۆلەت باشلىقى ئېلىخان تۆرەم دىنى ئالىم ئىدى. 1937- يىلدىن 1951- يىلغىچە ئالتاي تاغلىرىدىن تاكى چىڭخەي يايلاقلىرىغىچە بولغان پايانسىز زېمىنلاردا خىتاي ۋە روس ئارمىيىسى بىلەن توختاۋسىز جەڭ قىلغان قازاق خەلقىنىڭ ئىپتىخارلىق پەرزەنتى ئوسمان باتۇر ھەرقانداق قىيىن ۋە خەتەرلىك شارائىتلاردىمۇ بەش ۋاخ نامىزىنى قازا قىلمايدىغان تەقۋادار مۇسۇلمان ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىست ھاكىمىيىتى شەرقى تۈركىستاننى ئىستىلا قىلغان تارىختىن باشلاپ بارىن ئىنقىلاۋىنىڭ يول باشچىسى مەرھۇم زەيدىن يۈسۈپكىچە بولغان بارلىق مىللى ئىنقىلاپلارنىڭ داھىلىرى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن يېتىشكەن دىنى ئەرباپلاردۇر. 1997- يىلى 2 - ئاينىڭ 4- كۈنىدىن 7- كۈنىگىچە غۇلجىدا ئېلىپ بېرىلغان ۋە

پۈتۈن دۇنياغا شەرقىي تۈركىستاننى يەنە بىر قېتىم تونۇتقان غۇلجا ۋەقەسىنىڭ لىدەرى ئابدۇخېلىلمۇ قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن تولغان دىنى زات. بۈگۈن مۇبارەك ۋەتىنىمىز ئۈچۈن شېھىت بولىۋاتقان، تۈرمىلەردە يېتىۋاتقان، ۋەتەنىمىزنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن شېھىت بولۇشقا تەييار تۇرىۋاتقانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىگى ئىسلام ئەقىدىلىرى بىلەن يېتىشكەن تالىپلاردۇر.

ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى بىر دەرەخ دەپ پەرەز قىلساق، ئىمان ئۇ دەرەخنى ياشارتىدىغان سۇدۇر. سۇسىز دەرەخ ياشارمايدۇ.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى يولىدىكى ئەڭ ئاساسلىق كۈچىمىز ئىمان بىلەن يېتىشكەن مۇجاھىتلار قوشۇنىدۇر. مۇجاھىت دىمەك، ئىسلام دىنى ئۈچۈن، ۋەتىنى ئۈچۈن، مىللىتى ئۈچۈن جىھاد يولىنى تاللىغان ئاللاھنىڭ ئەسكىرى دىمەكتۇر. سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنى ئافغانىستاندىن ھەيدەپ چىقارغانلار مۇجاھىتتۇر. بۇسنا ـ ھەرسەكتىن سېرىپ ئارمىيەسىنى ھەيدەپ چىقارغانلارمۇ مۇجاھىتتۇر. چېچەنىستاندىن روس ئارمىيەسىنى چىقارغانلارمۇ مۇجاھىتتۇر.

بىز مۇجاھىتلارنىڭ قىممىتىنى بىلىشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ قىممىتىنى بىلىش ـــــ ۋەتەننىڭ قىممىتىنى بىلىش دىمەكتۇر. ئەمما بىزنىڭ بەزى بىرنەچچە دىنى

ئەربابىمىز ۋەتەن، مىللەت دەپ ئىنقىلاپ قىلغانلار، دېمۇكراتىيە دەپ ئىنقىلاپ قىلغانلار، ئازاتلىق - ئەركىنلىك دەپ ئىنقىلاپ قىلغانلارنىڭ خىتايدىن پەرقى يوق؛ بىز پەقەتلا ئىسلام دەپ ئىنقىلاپ قىلىمىز، جىھاد قىلىمىز دەۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇلار، ئىنقىلاپتا بىزنىڭ يولىمىزغا كىرمىگەنلەرنى ئۆلتۈرىمىز دەۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي مۇسۇلمان بولسا شۇنى بىلىشى لازىمكى؛ ئاللاھ - تەئالا بىزنى بىرىنچىدىن ئىنسان قىلىپ ياراتتى؛ ئىككىنچىدىن تۈرۈك ئىرقىغا مەنسۇپ ئۇيغۇر قىلىپ ياراتتى؛ ئۈچىنچىدىن بىزنى مۇسۇلمان قىلىپ ياراتتى؛ تۆتىنچىدىن بىزگە ۋەتەن سۈپىتىدە شەرقىي تۈركىستاننى بەخش ئەتتى؛ پۈتۈن نىمەتلىرىمىزنى بۇ ۋەتەندىن بەردى. بىزگە بۇ ۋەتەننى سۆيدۈردى. ئاللاھ - تائالا خالىسا بىزنى ئەرەب قىلىپ يارىتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇيغۇر قىلىپ ياراتتى. خالىسا ئافرىقىلىق قىلىپ يارىتىشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئاسىيالىق، شەرقىي تۈركىستانلىق قىلىپ ياراتتى. خالىسا بىزنى بۇددىست ياكى خرىستىيان قىلىپ يارىتىشى مۇمكىن ئىدى. قەلبىمىزگە ئىمان نۇرى بېرىپ مۇسۇلمان قىلىپ ياراتتى.

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ بولۇشىمىزنى، شەرقىي تۈركىستانلىق بولۇشىمىزنى ئۆزىمىز تاللىمىدۇق ۋە تاللىشىمىزمۇ مۇمكىن ئەمەستى.

ئاللاھ ـ تائالا بىزنى ھەم ئۇيغۇر ھەم شەرقىي تۈركىستانلىق قىلىپ ياراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دىنىڭىز نىمە؟ دەپ سورىسا، ئىسلام دەيمىز. مىللىتىڭىز نىمە؟ دىسە، ئۇيغۇر دەيمىز. ۋەتىنىڭىز قايسى؟ دىسە، شەرقىي تۈركىستان دەپ جاۋاپ بېرىمىز. ۋەتەن مىللەتنى ئېتىراپ قىلماسلىق ــــ ئاللاھنىڭ ياراتقان رېئاللىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتۇر. ئىسلام ھاياتنى ياشاش، مۇبارەك ئىسلام دىنىنى قوغداش، ئەۋلاتلىرىمىزنى ئىسلام يولىدا تەربىيلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىمىز مۇستەقىل، خەلقىمىز ئەركىن ـ ئازات بولۇشى لازىم. ھەممىمىز ياخشى بىلىمىز مەدىنيەت ئىنقىلاۋىدا شەرقىي تۈركىستاندا قۇرئان كەرىيمنى كۆز ئالدىمىزدا كۆيدۈردى. دىنى زاتلارنى يىغىۋېلىپ خۇدانى يوق دىيىشكە، توڭگۇز گۆشى يىيىشكە مەجبۇرلىدى. جامى مەسجىتلىرىمىزنى يىقىتتى؛ ھەتتا توڭگۇز باقىدىغان ئېغىل قىلدى. ئىسلام دىنى دۇنيانىڭ ھېچبىر يېرىدە بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدىكىگە ئوخشاش ئېغىر ھاقارەتلەرگە ئۇچرىمىدى. نىمىشقا بىز مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنى، قۇرئان كەرىمنى، مەسجىت جاملىرىمىزنى، ئىماملىرىمىزنى، دىنى زاتلىرىمىزنى، دىنى مەكتەپلىرىمىزنى خىتايلاردىن قوغداپ قالالمىدۇق؟

ۋەتىنى مۇستەقىل بولغان، خەلقى ئەركىن ـ ئازات بولغان مۇسۇلمان دۆلەتلەرگە خىتايلار بېرىپ ئۇلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



مەسجىت ـ مەدرىسلىرىنى يىقىتالىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىكى قۇرئان كەرىمنى ئېلىپ چىقىپ كۆيدۈرەلىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ دىنى ئۆلىمالىرىنى توككۇز گۆشى يېيىشكە مەجبۇرلىيالىدىمۇ؟ بۇلارنى ياخشى ئويلىنىش، مەنتىقىگە ئۇيغۇن تەپەككۇر قىلىش لازىم.

ھەر مۇسۇلماننىڭ بىر ۋەتىنى بار. بىزنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان. ئەگەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زامانىدىكىگە ئوخشاش بارلىق مۇسۇلمانلار بىرخەلىپىلىك ئاستىدا ياشىغان بولساقتۇق، ئۇ چاغدا ۋەتەن، مىللەت دىمەس ئىدۇق. ئەگەر ۋەتەن، مىللەت دىمەسەك، ئىران بىلەن ئىراق 9 يىل ئۇرۇشتى؛ ھەرئىككىلىسى مۇسۇلمان نىمە دەپ ئۇرۇشتى؟ زىمىن تالىشىپ، ۋەتەن دەپ ئۇرۇشتى. كۇۋەيت بىلەن ئىراق ئۇرۇشتى؛ ھەر ئىككىلىسى ئەرەپ، ھەر ئىككىلىسى مۇسۇلمان. نىمە دەپ ئۇرۇشتى؟ زىمىن تالىشىپ، ۋەتەن دەپ ئۇرۇشتى. پاكىستان ھۆكۈمىتى 1997ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستانلىق 12 نەپەر مۇجاھىتنى ئۆلتۈرۈلۈشنى بىلىپ تۇرۇپ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەردى. مۇسۇلمان دۆلەت نىمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ مىللى مەنپەئەتى ئۈچۈن.

خىتاي زۇلمى تۈپەيلى شەرقىي تۈركىستاننى تەرك ئېتىپ چەت يۇرتلارغا ھىجرەت قىلىپ چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن بۇگۈن 50، 60 يىلدىن بېرى

سەئۇدى ئەرەبىستاندا ياشاۋاتىدۇ . ئەمما سەئۇدى ئەرەبىستانغا ۋەتەنداش بولالماي ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆمرىنى ئۆتكۈزمەۋاتقانلار بار . نىمىشقا سەئۇدى ئەرەبىستان ، سەنمۇ مۇسۇلمانكەنسەن بىز سېنى پۇقرالىققا ئالايلى ، دىمىدى؟ سەئۇدى ئەرەبىستانلا ئەمەس، هېچ بىر مۇسۇلمان دۆلەت شەرقىي تۈركىستانلىقنى پۇقرالىققا ئالمىدى. چۈنكى ئۇ ۋەتەننى ئۇلار ئۆزلىرى گۈللەندۈرگەن. دۆلەتنى ئۆزلىرى قۇرغان مەن مۇسۇلمان دەپ باشقا يەردىن كېلىپ تەييارغا هەييار بولۇشنى هېچكىم خالىمايدۇ. پەقەت تۈركىيەنىڭ قوبۇل قىلىشى. بىز ئۇيغۇرلار تۈرۈك ئىرقىغا مەنسۇپ بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز ئىشغالىيەت ئاستىدا بولغىنى ئۈچۈن ئېلىۋاتىدۇ؛ بىزنى تۈرۈك بولغانلىقىمىز ئۈچۈن قوبۇل قىلىۋاتىدۇ . بوشناقلار بوسنا ـ هەرسەكتە ئۇرۇشتى. مەقسىدى ئۆز ۋەتىنىنى ئازات قىلىش ئىدى. ئۇلار كېتىپ پەلەستىندە ياكى ئافغانىستاندا ئۇرۇشقىنى يوق. چېچەنلەرمۇ چېچەنىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىدە ئۇرۇشتى. بىز نىمىشقا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن ئۇرۇشمىز؟ چۈنكى بىزنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان. ۋەتەن دىمىگەن ئادەم ئۈچۈن ئۇرۇشۇشنىڭ، جىهاد قىلىشنىڭ نىمە هاجىتى؟ كېتىپ باشقا مۇسۇلمان دۆلىتىدە ياشىساق بولىۋېرىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمەسمۇ. ئەگەر شېھىت بولۇشنى ئارزۇ قىلساڭ خالىغان يەردە شېھىت بولالايسەن.

پەقەتلا ئىسلام دەيمىز، يولىمىزغا كىرمىگەنلەرنى ئۆلتۈرىمىز، دەپ يۈرگەنلەر كېلەچەكتە ئىسلامنىڭ ئاللىدىكى بىر نومۇسالىغۇ بولۇش ئېھتىمالى بار. ئۇلارنىڭ تېخى بىر ئەسكىرى يوق، ھاياتىدا قولىغا قورال ئېلىپ باقمىغان بىر ئەھۋال ئاستىدا ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ جىھاد قىلىۋاتقانلارنى، ئىنقىلاب قىلىۋاتقانلارنى بۆلۈش، پارچىلاش ئۈچۈن: بۇ مۇسۇلمان، ئۇ دىمۇكراتچى، بۇ مىللەتچى، بۇ ۋەتەن دەيدۇ، ئىسلام دىمەيدۇ دەپ پىتنە-پاسات تېرىشقا غەيرەت كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئەگەر سەن ئىسلام دىسەڭ بۇ پارچە-پارچە قىلىۋېتىلگەن مىللەتنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ لازىم ئەمەسمىدى؟ بۇ خىل ئادەملەر ياكى دىنغا ئورنىۋېلىپ دىنغا قارشى تۇرۇشقا، دىنغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا خىتايلار تەرىپىدىن ۋەزىپىلەندۈرۈلگەن ئادەملەر؛ ھەقىقى دىن دۈشمەنلىرى. ياكى نېرۋىسى بۇزۇلغان روھى كېسەل ئادەملەر. بۇندلق ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق پائالىيەتلىرىنى قەتئى چەكلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ شۇئارىمىز ئېنىق. بىز ئىسلام دەيمىز؛ بىز ۋەتەن دەيمىز؛ بىز مىللەت دەيمىز؛ بىز ئەركىنلىك - ئازاتلىق دەيمىز. شۇ رىئاللىقنىمۇ ئېتىۋارغا ئېلىشىمىز لازىمكى، شەرقىي تۈركىستاندا 50 يىلدىن بېرى دىنسىزلىك تەربىيىسى يۈرگۈزۈلۈۋاتىدۇ. مان

جەھەتتىن ئاز بولىغان بىر ئەۋلات ئىسلام دىنىدىن ئۇزاق يېتىشتۇرۇلدى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ۋەتىنىنى، مىللىتىنى سۆيىدۇ، ئەمما دىنىنى بىلمەيدۇ. پەقەت ۋەتەن، مىللەت دەپلا ئۆلسە شېھىت بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ياخشى ئادەملەر. مۇنبەت زېمىنغا نىمە تېرىساڭ ھوسۇل بەرگىنىگە ئوخشاش ياخشى قەلبىكىمۇ كەم نەرسە تولۇقلانسا تېخىمۇ مۇكەممەل بولىدۇ. ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئىمانىنى، دىنىنى ئۆگەتسەك سېپىمىزنىڭ ئەڭ مۇكەممەل كۈچلىرىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بىز ئۆگەتسەكمۇ ئۆزى ئۆگەنمىسە، « مەن پەقەت ۋەتەن، مىللەت دەپلا ئۇرۇش قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋالسىمۇ يەنىلا سېپىمىزگە ئالىمىز. چۈنكى ۋەتىنىمىز بىر، دۈشمىنىمىز بىر. ئۇنىڭ خۇدا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋىتىگە ئۆزى جاۋاپ بېرىدۇ.

بەزىلەر مەن ناماز ئوقۇمىسامىمۇ كۆڭلۈم ياخشى. مەن ناماز ئوقۇمىغانلاردىن ياخشى مۇسۇلمان دەپ ئۆزىنىڭ ناماز ئوقۇمايدىغانلىقىنى ئاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ قۇرئانىدا كۆڭلى ياخشىلار ناماز ئوقۇمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ يېزىلمىغان. ئىمان ئېيتقان ھەر مۇسۇلمان مۇسۇلماندارچىلىقنىڭ پەرىزلىرىنى چوقۇم كەم قىلماي ئادا قىلىشى پەرىز قىلىنغان. ئەمما ئەمەل قىلمىغانلار جاۋابىنى ئۇ دۇنيادا ئاللاھ ـ تائالاغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ئۆزى بېرىدۇ. شۇڭا ۋەتەنگە، مىللەتكە خىزمەت قىلىش ئارزۇسى بولغان ھەرقانداق ئادەمنى سېپىمىزگە تارتىشىمىز، يەكلىمەسلىكىمىز لازىم. پەيغەمبىرىمىز كاپىرلارنىڭ زۇلمىغا قارشى جىھاد قىلغان، ئەمما ھېچكىمنى زورلاپ مۇسۇلمان قىلغان ئەمەس. نۆۋەتتە كەلگەندە پەيغەمبىرىمىز ھەققىدىكى شۇ ھەدىسنى قوشۇپ قويايكى: پەيغەمبىرىمىز مەسجىتتە ناماز قىلىپ بولۇپ ساھابىلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئەئرابى مەسجىتكە كىرىپلا كىچىك تاھارەت قىلىشقا باشلايدۇ. ساھابىلەردىن بىرسى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئەئرابىنى توسماقچى بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قول ئىشارىتى بىلەن ساھابىنى توختىتىدۇ ۋە «تاھارەتنى تۈگەتسۇن» دەيدۇ. ئەئرابى تاھارەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى چاقىرىدۇ ۋە سورايدۇ:

ــ نىمىشقا بۇ يەرگە تاھارەت قىلدىڭ؟

ــ تاھارەت قىلسام نىمە بولىدۇ؟

ــ بۇ مەسجىت، ئاللاھنىڭ ئۆيى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان جايى. بۇ يەرگە تاھارەت قىلىش گۇناھ بولىدۇ.

بۇ ئارىدا ساھابىلار ئەئرابى تاھارەت قىلغان يەرنى سۇ قۇيۇپ تازىلايدۇ ۋە ئۈستىگە سۇ سېپىدۇ. ئەئرابى گاڭگىراپ تۇرۇپ قالىدۇ. ئاندىن دەيدۇ:

ــ مەن كىمسەن؟

ــ مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى.

ئەئرابى ئۆزىنىڭ بۇ قىلغان ئىشىنىڭ چوڭ گۇنا ئىكەنلىكىنى، ئەمما پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنى جازالىماي، چىرايلىق سۆز بىلەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرگەنلىكىدىن قاتتىق تەسىرلىنىدۇ. «ئىسلامىيەت ئىنسانلارغا بۇنداق ياخشىلىقنى ئۆگىتىدىغان دىن بولسا مەن سېنىڭ دىنىڭغا كىرىمەن» دەپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولىدۇ. بىز رەسۇلۇللانىڭ ئۈممەتلىرىمىز. پەيغەمبەر ئەخلاقىنى ئۆگىنىش ئەلبەتتە بىزگە سۈننەت. دىنىنى بىلمىگەن ئادەملەرنى ھاقارەتلەش ئورنىغا، بىلگەنلەر ئۆگىتىشى لازىم. ئۆگەتكەنلىرىمۇ سەممى ئۆگىتىشى لازىم. بەزى موللىلار بىرنەچچە ئايەت، ھەدىسنى ئۆگىنىۋېلىپ جامائەتنى ئۆزىگە ھۆرمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىغا كەلگەن گەپلەرنى قىلىدۇ. ھېچ سۆرۈشتە قىلماي «پالانچى كاپىر، پۇستانچى دىنسىز، پالانچى هارامنى يەيدۇ.» دەپ دىن نامىدىن سۆزلەپ يۈرۈپ بىرمۇنچە ئادەملەرنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالىدۇ. ئۆزىگە دۈشمەن قىلىش بىلەنلا قالمايدۇ. چۈنكى دىنىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ھاقارەتلەنگەن بۇ ئادەملەر «مۇسۇلمان سەندەك بولسا سەن بارغان مەسجىتكە مەن بارمايمەن.» دەپ تېخىمۇ دىندىن يىراقلىشىدۇ، ھەتتا دىن دۈشمىنى بولۇپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىسلام مەدەنىيتى ياخشى ئەخلاق، ياخشى مىز-ھەركەت، ياخشى مۇئامىلە، توغرا، دۇرۇسلۇق، سەممىيەت، تازىلىق ۋە ئىنسانلارنى پارلاق ۋە توغرا يولغا باشلايدىغان پەلسەپە ئۈستىگە قۇرۇلغان. مۇسۇلمانلارنىڭ دەستۇرى قۇرئان كەرىم ئەمما قۇرئان كەرىمنى شەخسى دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇش، گوروھ ئۇيۇشتۇرۇش، ئابروي تېپىش، پۇل تېپىش، خەلقنى پارچىلاش ئۈچۈن قوللىنىش نىيىتىدە بولغانلار قۇرئان كەرىمنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بولىدۇ.

ئىسلام دىنى سۆيگۈ- مۇھەببەت دىنى؛ ئاللاھ - تائالا پۈتۈن ئىنسانلارنى، كائىناتتىكى پۈتۈن جانلىقلارنى، پۈتۈن كائىناتنى سۆيىدۇ ۋە بۇ سۆيگۈنى بىزگە قۇرئان كەرىم ئارقىلىق ئۆگەتتى.

مۇسۇلمان، كاپىر دىمەستىن پۈتۈن ئىنسانلارغا مۇھەببەت باغلاش بىز ئۈچۈن پەرىزدۇر. ئەمما بىز قارشى تۇرىۋاتقان دۈشمەن مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىۋاتقان خىتاي ھاكىمىيىتىدۇر. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ نەزىرىدە ھەممىمىز ئۇيغۇر، ھەممىمىز يات مىللەت. خىتاي ھاكىمىيىتى كۆزىدە بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان بىر ئۇيغۇرغا قانداق زۇلۇم قىلسا، كۆز بويىي كوچىدا ھاراق ئىچىپ يۈرگەن بىر ئۇيغۇرغىمۇ ئوخشاش زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ. بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتە، بىزگە زۇلۇم قىلىشتا، بۇنىڭ ئىمانى بار: بۇنىڭ ئىمانى يوق دەپ

سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرغىنى يوق. ھەممىمىز بۇ ۋەتەننىڭ مىراسخورلىرى بولغىنىمىز ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ؛ زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ؛ مەقسىدى ئېنىق؛ شەرقىي تۈركىستان مېنىڭ ۋەتىنىم دەيدىغان بارلىق ئادەملەرنى، ھەتتا پۈتۈن مىللەتنى قىرىپ تۈگىتىۋېتىش. ھەممىمىز خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ يوقۇتۇش نىشانى. دۈشمەن بىزنى ئايرىماي ھەممىمىزنى بىر ھېساپلاپ يوقۇتۇۋاتقان ئىكەن، نېمىشقا بىز دۈشمەننى يوقۇتۇشتا بىرلىشەلمەيمىز؟ بىز بىرلىشەلەيمىز. ۋەتەننى سۆيگەن بارلىق ئىنسانلار بىرلىشەلەيدۇ. بىرلىشىش يولىدا توسقۇنلۇق قىلىپ كۈچىمىزنى پارچىلاشقا تىرىشقانلارغا نەسىھەت، تەربىيە قىلىندۇ؛ مىللى مەنپەئەتىمىزنىڭ پايدا- زىيىنى چۈشەندۈرۈلىدۇ. بۇزغۇنچىلىقىدىن ۋاز كەچمىگەنلەرنى تازىلاپ ئۆتۈپ كېتىمىز خالاس.

بۇ پىكىرنىڭ ئەكسىچە، ئاتېزىم، دىنسىزلىك تەربىيەسى ئىچىدە يېتىشكەن بەزى زىيالىلار، مىللەتچىلەر؛ « ۋەتىنىمىز ئازات بولسا تەرقىياتنىڭ يولىنى توسايدىغان توسالغۇ كۈچى ئىسلامچىلار » دەيدىغانلار ھازىردىن باشلاپ ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. ھەتتا « شەرقىي تۈركىستان ئازات بولۇپ ئىسلامچىلار ھاكىمىيەت بېشىغا كەلسە، بۇ ۋەتەندە مەن ياشىمايمەن.» دېگۈچىلەرمۇ چىقتى. بۇخىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەملەر دىن دۈشمەنلىكى بىلەن يېتىشتۈرۈلگەن، مۇستەملىكىچى خىتاي ھاكىمىيىتىدىن بەزى مەنپەئەتلەرگە ئېرىشكەن. ئەمما نۆۋىتى كەلگەندە خىتاي ھاكىمىيىتى بۇلارنى ئۆز مىللىتىگە قارشى قورال سۈپىتىدە قوللىنىدىغان ئادەملەردۇر. مىللەتچى، ۋەتەنپەرۋەر قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ تۇرۇپ، ئەجدادلىرىمىز مىڭ يىلدىن بېرى ئېتىقات قىلىپ كەلگەن، خەلقىمىز بۈگۈن ھەم ئېتىقات قىلىۋاتقان، مىللىتىمىزنىڭ روھىغا، مەنىۋى ھاياتىغا، ئۆرپ - ئادىتىگە، مەدەنىيىتىگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن مۇبارەك دىنىمىزنى ئىنكار قىلىش —— مىللى تارىخىمىزنى، بۈگۈنىمىزنى، مىللى مەۋجۇدىيىتىمىزنى ۋە كېلەچىكىمىزنى ئىنكار قىلىش دىمەكتۇر. ھەقىقى ۋەتەنپەرۋەر، ھەقىقى مىللەتچى، دىنسىز بولسىمۇ مىللىتىنىڭ دىنى ئېتىقاتىغا، مىللىتىنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا سىڭىپ كەتكەن دىنىغا ھۆرمەت قىلىدۇ؛ دىنىغا ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ؛ قارشى چىقمايدۇ. مىللەتپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك لىباسىغا ئورىنىۋېلىپ ئىسلام دىنىغا قارشى چىققۇچىلارنى دۈشمەن ھاكىمىيەت خەلققە قارشى، مىللەتكە قارشى قوللىنىپ كەلدى. ئۇنىڭ زىيىنى ناھايىتى ئېغىر بولدى. بۇ خىل ۋەتەن، مىللەتپۇرۇچلاردىن قەتئى ئاگاھ بولۇش لازىم.

1946 ـ يىلى غۇلجىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت رەئىسى ئېلىخان تۆرەم روس جاسۇسلىرى تەرىپىدىن قاچۇرۇلۇپ ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەندىن كېيىن ئەخمەتجان قاسىمى دۆلەت رەئىسلىكىگە تەيىن قىلىندى. بۇئىش ئەلبەتتە روسلارنىڭ قولىشى بىلەن بولدى. گەرچە ئەخمەت ئەپەندى روسلارنىڭ قولىدا ئوقۇپ يېتىشكەن، كوممۇنىزىم تەربىيەسى ئالغان بىر كىشى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۇيغۇر ئىدى؛ نەسلى مۇسۇلمان ئىدى. دىنى ئېتىقادىمىزغا خىلاپ ھەرقانداق سۆز ـ ھەركەتلەرنى قىلمىدى ۋە قىلىشقا يول قويمىدى. ئەلىخان تۆرەم مىللى ئارمىيەنىڭ ھەر بىر باتالىيونىغا بىردىن ئىمام تەيىنلىگەن ئىدى. ئارمىيە ئىچىدە ناماز ئۇ ئىمامنىڭ يېتەكچىلىكىدە قىلىناتتى. بۇ قائىدە ـ يوسۇنلارنى روسلار ئۇيغۇن كۆرمىسىمۇ ئەخمەت ئەپەندى، ئەلىخان تۆرەم تەرىپىدىن قانۇنلاشتۇرۇلغان بۇ تۈزۈمنى ئاخىرغىچە ساقلاپ قالدى. ئۆزىمۇ ھەم ھەر جۈمە كۈنى مەسجىتكە بېرىپ جامائەت بىلەن بىللە جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى. دىنى زاتلار بىلەن قويۇق دوسلۇق ئورناتتى. دۆلەت خىزمەتلىرىدە ھەر زامان ئۇلاردىن پىكىر، مەسلىھەت ئېلىپ تۇردى. ئەخمەت ئەپەندى بىر ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر مىللى رەھبەرنىڭ پۈتۈن خەلقنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بارلىق غەيرىتىنى كۆرسەتتى. ھەتتا مۇسۇلمان بولمىغان ئەمما شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە كۈرەش قىلىشنى خالايدىغان موڭغۇل، شىبە قاتارلىق مىللەتلەر بىلەنمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، دوستلۇقنى مۇستەھكەملەشتە بىزگە ئۈلگە بولغۇدەك خىزمەتلارنى ئىشلىدى. ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، ھەقىقىي مىللەتپەرۋەرلەر مىللىتى بىلەن بىردەك چۈشىنىدۇ. مىللىتى بىلەن بىردەك ھەرىكەت قىلىدۇ. ھەربىر سۆز - ھەركىتى، ھەر بىر قەدىمىنى مىللىي مەنپەئەتكە ئۇيغۇنمۇ ياكى خىلاپمۇ دېگەننى ئويلاپ ماڭىدۇ.

ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ ئەكسىچە سەيپىدىن ئەزىز ئىنقىلاپ سېپىگە سۇقۇنۇپ كىرمۇالغان ۋەتەن خائىنى، مىللىي مۇناپىق ئىدى. ئۇ شەرقىي تۈركىستاندا جۇڭگو كوممۇنىستىك ھاكىمىيىتىنىڭ قورچاق ئەمەلدارى بولغانلىقىن كېيىن، سىياسى جەھەتتىن ۋەتىنىنى، خەلقىنى سۆيگەنلەرنى رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇپلا قالماستىن، ئىسلام دىنىنىمۇ ئاشكارا قارىلاشقا ھاقارەتلەشكە باشلىدى. ئۇ 1956 ـ يىلىلا ئىسلام دىنىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا خىتايلارنى ئۈندەشكە باشلىغان ئىدى. 59 ـ يىلدىن 63 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا دىنى مەكتەپلەر ئەمەلدىن

قالدۇرۇلدى. دىنى پائالىيەتلەر چەكلەندى. دىنى زاتلار ناھىيە، ۋىلايەت مەركەزلىرىگە ۋە ئۈرۈمچىگە يىغىۋېلىنىپ، ئۇلارغا خۇداسىزلىق تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلدى. دىنسىزلىق تەربىيەسىدە سەيپىدىن ئەزىز كۆپ قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى. ماقالە يازدى ۋە بۇ كۆرەشنى رەھىمسىزلەرچە ئېلىپ بېرىش ھەققىدە خىتاي ھاكىمىيتىگە جاسارەت بەردى. ئەسلىدە دىنى مەسلە، بىر مىللەتنىڭ ياكى بىر دۆلەتنىڭمەسلىسى ئەمەس. دۇنيادا ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان بىر مىليارتتىن ئارتۇق ئادەم بار. ئىسلام دۇنياسىغا تەۋە 70 تىن ئارتۇق دۆلەت بار. سەيپىدىن ئەگەر ئاز ـ تولا ۋىجدانى بار مۇناپىق بولغان بولسا ئىدى، ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياۋى مەسىلە ئىكەنلىكىنى، بۇ نازۇك مەسىلە بىلەن ھەپىلەشكەندە جۇڭگو، خەلق ئارادا مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ نارازىلىقىنى ۋە قارشىلىقىنى قوزغاپ قويىدىغانلىقى قاتارلىق مەسلىلەرنى خوجايىنلىرىغا چۈشەندۈرسە ئىدى، خىتايلار ئىسلام دىنىغا بۇ قەدەر زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلماس ئىدى. خىتاي ھاكىمىيتى زادى بىرمۇنچە مىللى ۋە دىنى مەسلىلەرگە قارىتا ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، شەكىلدە بولسىمۇ سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، ئۇنى ئالدىغا چىقىرىپ، ئۆز خەلقىگە سۆزلىتىپ تۇرۇپ قىلدى. كېيىنكى يىللاردىكى مەدىنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىنقىلاۋىدا بولسا ئىسلامىيەتكە قىلىنغان ھاقارەتلەرنى سۆزلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. خىتاي ھاكىمىيىتى زادى يات بىر ھاكىمىيەت. ئۇ بىزگە ھەرقانداق زۇلۇمنى راۋا كۆردى. ئەمما سەيپىدىنگە بۇ مىللەت، بۇ خەلق نىمە قىلغان ئىدى؟ ئۇنىڭ بۇ مىللەتكە، بۇ خەلققە بولغان پۈتمەس - تۈگىمەس نەپرەت ۋە ئىنتىقام تۇيغۇسى نەدىن كەلدى؟ سەيپىدىنىڭ خىتايلارغا بولغان چەكسىز ساداقىتى ۋە خىتايلارنىڭ سايىسىدا راھەت كۆرۈش، نام - ئابرويغا ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۆز خەلقىگە قارشى كەچۈرگۈسىز جىنايەتلەرنى ئىشلەشكە سەۋەبچى بولدى. ئۇ ھاياتىدا خىتايلار ئالدىدا ئۆز دىنىنى، مىللىتىنى، خەلقىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر جۈملە سۆز قىلمىدى. ئۇ قېرىپ كېرەككە كەلمەس بولۇپ قالغاندا، خىتايلار ئۇنىڭغا مىللىتىنى تولۇق ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمىگىنى ئۈچۈن « مىللەتچى » دىگەن بەدنامنى چاپلاپ بېيجىڭغا ئاپىرىپ تاشلاپ قويدى. ئۇ كۈنلەردە بۇ مۇناپىق بىرئاز « مىللەتچى » بولۇشقا باشلىدى. شەرقىي تۈركىستاندا خىتاي خاكىمىيىتىگە قارشى ئىنقىلاپلار، ھەرىكەتلەر بولۇشقا باشلىدى، ئۇنى يەنە ئۇررۇمچىگە ئەكىلىپ بېقىشقا باشلىدى. يېڭى يېتىلگەن ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەرلەرنى سەيپىدىن ئارقىلىق خىتايلار تىزىملاشقا، تەدبىر كۆرۈشكە باشلىدى.

ئىنقىلاپ دەۋرىدە خىتاي ھاكىمىيەتلىرى ئۆزلىرى يېتىشتۈرگەن، خەلق تەرىپىدىن خائىنلىقى بىلىنگەن ۋە ئامما ئارىسىدا ھېچ ئېتىۋارى يوق ئەمما خىتاي ھاكىمىيىتىدە يۇقۇرى مەرتىۋىدە بولغان قورچاق ئەمەلدارلارنى بەك ئىشلەتمەيدۇ. خۇددى سەيپىدىنگە ئوخشاش مىللى ئىنقىلاپ ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان، بۇ ئىنقىلاپ ئىچىدە خېلى يۇقۇرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن، ئۆز خەلقىنى ئاز - تولا ئىشەندۈرەلەيدىغان خائىنلارنى ئەتىۋالاپ ئىشلىتىدۇ. كېلەچەكتە شەرقىي تۈركىستاندا مىللى ئىنقىلاپ كۈچلىرى زورىيىپ، خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشىگە تەھدىت يارىتىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، خىتايلار دەرھال تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، دىنسىز، ۋىجدانسىز بىر قىسىم ئىنقىلاپچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ساتقۇنلارنى يىغىپ، ئۇلارغا ئەڭ ياخشى قوراللارنى بېرىپ، « ئۇلارنى يوقاتساڭلار مۇستەقىللىقنى سىلەرگە بېرىمىز. » دەپ مىللى ئىنقىلاۋىمىزغا قارشى ئۇلارنى قوللىنىشى، خەلقىمىزنى ئۆز - ئارا قىرغىنچىلىققا سېلىشى مۇمكىن. خىتايلار زادى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقنى بەرمەي بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندە، ئۆزلىرىگە سادىق، تىزگىننى ئۆزلىرى تۇتالايدىغان بىر ھاكىمىيەتنى شەرقىي تۈركىستاندا قوراشتۇرۇپ قويۇپ كېتىش ئۈچۈن بارلىق كۈچ ۋە ھىلە - مىكىرلىرىنى ئىشلىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنقىلاپ سېپىمىزگە كىرىۋالغان خائىنلار، مۇناپىقلار شۇ ۋاقىتتا خۇددى سەيپىدىنگە ئوخشاش ئۆزىنى ئاشكارىلاپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا بۇ قېتىمقى مىللى ئىنقىلاۋىمىزدا بارلىق تارىخىي تەجرىبىلىرىمىزنى يەكۈنلەپ ھەرقانداق ئىككى يۈزلىمە، مەيدانسىز، قورقۇنچاق، راھەتپەرەس، شۆھرەتپەرەس، سۈيىقەستچى ئادەملەرنىڭ ئىنقىلاۋى كۈچلەرنىڭ يۇقۇرى قاتلاملىرىدا ھوقوق تۇتۇپ قېلىشىدىن قەتئى ئېھتىيات قىلىشىمىز لازىم.

ئىتتىپاقلىقنىڭ يەنە بىر مۇھىم كاپالىتى: ئۆزىمىز ئېتىراپ قىلغان، ئۆزىمىز سايلىغان ياكى ئىنقىلاپ جەريانىدا يولباشچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان مىللى لىدەرلىرىمىزگە ئىتائەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش، ئۇلارنى قوللاش، ئۇلارنى كۆز قارچۇغىمىزدەك ئاسراش، بىزنىڭ مىللى ئىتتىپاقلىقىمىزنى مۇستەھكەملەشتە، ئىتتىپاقلىق ئىچىدە ئالغا ئىلگىرلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئويناپدىغان ئامىل.

بىز ئۆزۈن زامان باشقا مىللەتنىڭ باشقۇرۇشى ئاستىدا ياشىغان خەلق بولغىنىمىز ئۈچۈن، يات مىللەت ھاكىمىيتى بىزنى داۋاملىق قورقۇتۇپ باشقۇرغىنى ئۈچۈن، ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان يولباشچىلار، بىزنىڭ ئارىمىزدا بىز بىلەن بىللە ياشاپ، بىزگە ھۆرمەت قىلىپ، بىزنىڭ پىكرىمىزنى ئاڭلاپ، قايغۇ - خوشاللىقتا

بىز بىلەن بىللە بولۇپ يۈرسە، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى يات مىللەتتىن بولغان ئەمەلدارلاردىن قورقۇپ ئادەتلەنگەن بىرمۇنچە ئادەملەر ئۆزىنىڭ مىللى رەھبەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن پەرقسىز ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ ئۇلارنى ھۆرمەت قىلمايدىغان، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن پىتنە - پاسات تارقىتىدىغان، ھەتتا ئۇلارنى ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن گورۇھ ئويۇشتۇرىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. دۈشمەن بىزنى باشقۇرغاندا گەپ يوق، ئۆزىمىزدىن بىرسى چىقىپ باشقۇرغاندا باشقىلارنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش باشلىق بولغۇسى كېلىپ قالىدىغان ئىشلار بار. ئىقلاپ بولغان يەردە، ھەربى ئىنتىزام بولىدۇ. ھەربى ئىنتىزام بولغان يەردە جازا ۋە مۇكاپات ئېنىق ۋە قەتئى بولىدۇ. ئەمما نورمال ئاممىۋى خارەكتېرلىق تەشكىللىنىشتە باش - باشتاقلىق كۆپ بولىدۇ. ۋەتەن ئىچىدە خىتايلارنىڭ قاتتىق سىياسى ۋە ھەربى كونترولى بولغىنى ئۈچۈن، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاشكارە پائالىيەت قىلىدىغان تەشكىلات يوق. ئاشكارە خەلق ئىچىدە تۇتۇق سۆزلىيەلەيدىغان مىللى رەھبەرلەر يوق. بارلىق ھەركەتلەر مەخپى ئېلىپ بېرىلىشقا مەجبۇر. ئەمما ۋەتەن سىرتىدا بىرمۇنچە شەرقى تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك جەمىيەت، ۋەقپىلەر بار.

49 - يىلى ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەنىدىن ئايرىلىشقا، ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان مىللى لىدەرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇھەممەد ئەمىن بوغرا، ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىنلەر ھىندىستان ئارقىلىق تۈركىيەگە كەلدى. ۋەتەندىن قېچىپ چىقىپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى يېرىدە پەرىشان - سەرسان بولۇپ يۈرگەن ئۇيغۇر، قازاقلاردىن بولۇپ 2 مىڭ دىن ئارتۇق ئائىلىنى تۈركىيەگە ئېلىپ كېلىپ يەرلەشتۈردى. شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى تۈركىيەگە ۋە دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن يوقسۇزلۇق ۋە ئىمكانسىزلىقلار ئىچىدە كېچە - كۈندۈز مۇجادىلىسىنى داۋام قىلدى. بۇ لىدەرىمىز 64 - يىلى ئافغانىستاندىن نۇرغۇن ئائىلىلىك شەرقىي تۈركىستانلىقنى تۈركىيەگە يەرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن ئىجازەت ئالدى ۋە تۈركىيەگە كېلىپ يەرلىشىشكە ۋەسىلە بولدى. تۈركىيەگە مەيلى 53 - يىلى كەلگەنلەر بولسۇن ياكى 64 -، 65 - يىللىرى كەلگەنلەر بولسۇن ھەممىسىگە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئۆي بېرىلدى. تۇرمۇش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

مەرھۇم لىدەرىمىز ئاتاقلىق تارىخشۇناس، شائىر، ھەربىي قوماندان، دىنى ئالىم، مەشھۇر جامائەت ئەربابى مۇھەممەد ئەمىن بوغرا 1965 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى 64 يېشىدا ۋاپات بولدى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا بىرنەچچە ئايلىق ئۆي كىراسىنى تۆلىيەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى ئۆي ئەشيالىرىنى كىراغا ھېساپلاپ ئالدى. ئۇنىڭ بىرىنچى

قېتىم ھىجرەت قىلىپ يۇرت تېشىغا چىققاندا ......
1937 - يىللىرى ئافغانىستاندا يازغان مەشھۇر كىتاۋى ، شەرقىي تۈركىستان تارىخىي ، نى ئىقتىسادى ئىمكانسىزلىق تۈپەيلى ھايات ۋاقتىدا بۈگۈنكى ئۇيغۇرچە يېزىقتا نەشر قىلىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. بۇ كىتاپ يېزىلىپ 50 يىلدىن كېيىن يەنى 1987 - يىلدىن كېيىن ئەرەبىستاندىكى ۋەتەنپەرۋەر بايلىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن نەشر قىلىندى.

مۇھەممەد ئەمىن بوغرانىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن يۇرت تېشىدىكى مىللى مۇجادىلىنى لىدەرىمىز ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىن داۋاملاشتۇردى. 74 -، 76 - يىللىرى ھىندىستاندىن بىرقىسىم ئائىلىلىكلەرنى تۈركىيەگە ئەكەلدۈردى. 80 - يىلدىن كېيىن تۈركىيەگە كېلىپ يەرلىششنى ئارزۇ قىلغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ يەرلىششى ئۈچۈن ھۆكۈمەتكە كۆپ قېتىم ئىلتىماس قىلدى. تۈركىيەدە قىلىشنى ئارزۇ قىلغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئارزۇسىغا ئېرىشتى. ئۇزۇن يىللار سەئۇدى ئەرەبىستان، پاكىستانلاردا ۋەتەنداشلىق مەسلىسى ھەل بولمىغانلارمۇ تۈركىيەگە كېلىپ يەرلەشتى.

ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىنمۇ يىرقىسۇللۇق ۋە يالغۇزلۇق ئىچىدە ياكى ئاز قولللىغۇچىلىرى بىلەن بۇ كاتتا داۋانى كېچە - كۈندۈز داۋام قىلدى. 65 مىليون

نوپۇسلۇق تۈركىيەنىڭ قانداق يېرىگە بېرىپ، مەن شەرقىي تۈركىستانلىق دېسىڭىز، ئەيسا يۈسۈف ئالپتېكىننى تونۇمسەن؟ دەپ سورايدۇ. دېمەك تۈركىيەدە ئەيسا يۈسۈف ئالپتېكىن دېمەك ، شەرقىي تۈركىستان دېمەك. شەرقىي تۈركىستان دېمەك، ئەيسا يۈسۈف ئالپتېكىن دېمەك، دېيىلگەن دەرىجىگە يەتتى. ئەيسا يۈسۈف ئالپتېكىن بۇ كاتتا داۋانى، بۇ ئۇلۇق غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئۇششاق - چۈششەك ئادەملەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قالدى. 70 ياشتىن ئاشقان كۆنلەردە شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلمى توغرىسىدا ئۆزى يازغان تەشۋىق ۋاراقلىرىنى تارقىتىمەن دەپ كوچىلاردا پىيادە يۈرۈۋاتقاندا ماشىنا سوقۇۋەتتى. ۋەتەن خىزمىتى يولىدا ئىككى كۆزىدىن ئايرىلدى: مۆھتەرەم لىدەرىمىز ئىككى كۆزى كۆرمىسىمۇ، ئۆزى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، قۇلىقى، يۈرىكى، پۈتۈن دىققىتى شەرقىي تۈركىستاندىن بىر كۈنمۇ ئايرىلمىدى. كېسەللىك سەۋەبىدىن ھېچ ماگالمايدىغان ھالغا كەلگەندىمۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور، رادىيو، تېلېفون ئارقىلىق پۈتۈن دۇنياغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئاۋازىنى، دەردىنى ۋە مۇستەقىللىق ئارزۇسىنى يەتكۈزۈپ تۇردى. ئەيسا ئەپەندىم تۈركىيەگە ئەكەلگەن بىرمۇنچە مۇھاجىرلار لىدەرىنى يوقلاپ تۇرۇشتى. مەدەت بېرىپ تۇردى.

تەسەللى بېرىپ تۇردى. ئەمما بەزى ئادەملەر ئەيسا ئەپەندىمنى خىتايلار نىمە دەپ تىللىسا، ئۇخشاش سۆزلەر بىلەن تىللاپ، يامانلاپ يۈردى. بەزىلەر « ئەيسا ئەپەندىم بىزگە ھۆكۈمەتتىن پۇل ئېلىپ بەرمىدى. » دىسە، بەزىلىرى « بالىلىرىمىزنى پۇلسىز مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ بەرمىدى. » دەپ رەنجىدى. بەزىلەر « زاماندا ھۆكۈمەت بىزگە كۆپ يەر، جاي بەرمەكچى ئىكەن، ئەيسا ئەپەندىم مۇشۇنچىلىك بەرسە يېتىدۇ. دەپ بەرگۈزمىگەن ئىكەن. »دىيىشتى. بەزىلەر « ئەيسا ئەپەندىم 40، 50 يىل خىتاينى تىللاپ يۈرۈپ خىتاينىڭ تۆكىنى تەۋرىتەلىدىمۇ، قولىدىن نىمە كەلدى؟ » دەپ ھاقارەت قىلدى. ئەيسا ئەپەندىم ئۆزى يوقسۇل ئىدى. بالىلىرىنى ئوقۇتالمىغان ئىدى. چۈنكى ئىقتىسادى، ۋاقتى، كۈچى، ھەر نەرسىسى ۋەتەن يولىغا سەرپ قىلىناتتى. بەزىلەر ھەتتا ئەيسا ئەپەندىم تۈركىيەگە كەلگەندە قۇرغان جەمىيەت نامىدىن چىقىدىغان ژورنالدا ئۇنى قارىلاپ ماقالە يېزىش جاسارىتىنى كۆرسەتتى. ئەمما ئەيسا ئەپەندىم پەۋقۇلئاددە كەڭ قوساق، خۇشپېئىل خارەكتېرغا ئىگە بىر كىشى بولغىنى ئۈچۈن، ھەر قېتىم كۆڭلى رەنجىيدىغان خەۋەر ئاڭلىغاندا: « جاھىل ئەرەپلەرنى مۇسۇلمان قىلىش يولىدا پەيغەمبىرىمىز چەككەن ئەزىيەتنى، ئاڭلىغان ھاقارەتنى تېخى مەن چەكمىدىم، ئاڭلىمىدىم. ياخشىلارمۇ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يامانلارمۇ مەن سۆيگەن، مەن ئاشىق بولغان ئۆز مىللىتىمدىن. مېنىڭ قىلغىنىمنى ئۇلار بىلمىسە، ئاللاھ بىلىدۇ. ئۇلارمۇ بىر كۈنى بىلىدۇ، خاتا قىلغانلىرىغا ۋىجدانى ئازاپ چېكىدىغان چاغلار كېلىدۇ. ئۇلارغا خۇدادىن ھىدايەت تىلەيمەن. قەلبىگە ۋەتەن تۇيغۇسى بېرىشنى، مېنى سۆيمىسىمۇ، بىر - بىرىنى سۆيۈشنى تىلەيمەن.» دەيتتى.

مەرھۇم لىدەرىمىز 95 يېشىدا ۋاپات بولدى. جىنازا نامىزىغا 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. تېلېۋىزورلار نەق مەيدان كۆرۈنۈشىنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىپ تۇردى.

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ دۇنياغا تونۇلغان ۋە شەرقىي تۈركىستانىنى دۇنياغا تونۇتقان مەشھۇر لىدەرىمىز ئالەمدىن ئۆتتى. ئەمما ھايات ۋاقتىدا ئۇنى رەنجىتكەن، ئۇنى يامانلاپ يۈرگەنلەر بۈگۈن لىدەرسىز قالغاندا ھېچقايسى مىللەت، ھېچقايسى خەلق ! سىلەر لىدەرىڭلارنى يامانلاپ يۈرەتتىڭلار، ئەمدى لىدەرسىز قالدىڭلار، بىز ياخشى لىدەرىمىزنى سىلەرگە بېرەيلى. ! دىمىدى. ئەيسا ئەپەندىم ھايات ۋاقتىدا ئۇ كىشىنى تىللاپ، يامانلاپ يۈرگەنلەر، بۈگۈن ئۆز - ئارا بىر - بىرىنى تىللاپ، بىر - بىرىنى يامانلاپ يۈرۈشۋاتىدۇ.

ياۋايى ھايۋانلار خام گۆش يىمىسە، يىلان بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە بىرەر جانلىقنى چاقمىسا ئۆز ھاياتىنى

داۋاملاشتۇرالمىغىنىغا ئوخشاش، ئىچى يامان ئادەملەر ئۆزىدىن قايسى جەھەتتىن بولسۇن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرغان ئادەملەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلمىسا، يامانلىمىسا ئىچى تىنمايدۇ. شۇڭا ، ئىچى يامانىنىڭ كۆڭلى خوش بولماس ، دىگەن ماقالىمۇ بىكارغا ئېيتىلمىغان. ئەمما خەلقىمىزنىڭ بىرلىك، ئىتتىپاقى ئۈچۈن بۇ ئادەملەرنىڭ ئېغىر زىيانلىرى بولۇپلا قالماي، شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تۈركىيەدە ئىتىۋارسىز قېلىشىدىمۇ يېتەرلىك ھەسسىسى بولدى. غەيۋەت ـــ غەيۋەتنى قىلىنغۇچىلاردىن ئارتۇقراق، غەيۋەت قىلغۇچىلارنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. جەمىيەتتە باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش بىلەن شۆھرەت قازانغانلار يوق. بىز لىدەرىمىزنى يامان دىسەك، باشقىلار ياخشى لىدەرنى بەرمەيدۇ. بىزنى باشلىغان بىر ئادەمنىڭ يېتىلىشى، تونۇلۇشى ئاسان قولغا كەلمەيدۇ. ئۇمۇ بىر ئىنسان بولغىنى ئۈچۈن بەزى خاتالىقلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىر جامائەت ئىچىدە ھەممىدىن ئەقىللىق، ھەممىدىن تەدبىرلىك، ھەممىدىن جاپاكەش، ھەممىدىن پىداكار بولغان ئادەم ئۇ جامائەتنى باشلاپ ماڭالايدۇ. بىر مىللەتنى، بىر خەلقنى بەختلىك ھايات يولىغا باشلاپ ماڭغان بىر لىدەرنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ياردەمچى بولۇش ئورنىغا ئۇنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدەش، ئۇنىڭ يولىغا ئورا كولاش، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتىنى تىلەش، ئۇخەلقنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



پەرزەنتلىرىنىڭ ئىشى ئەمەس. لىدەر بۇ جاھالەتلەرنى كەچۈرىشى مۇمكىن، ئەمما ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ. تارىخ كەچۈرمەيدۇ. مىللەت كەچۈرمەيدۇ.

بۇ خىل ئەھۋاللار ئوتتۇرا ئاسىيادىمۇ مەۋجۇت. 57 ـ يىلدىن 63 ـ يىلغىچە خىتاي زۇلمىدىن ۋەتەننى تەرك ئېتىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا كۆچۈش مەجبۇرىيىتىدە قالغان 100 مىڭدىن ئارتۇق شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىچىدە نۇرغۇن قىممەتلىك زاتلىرىمىز بارئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى دۇنيا تونۇيدىغان شەخسلەردىن دۆلەت ئەربابى، شائىر، يازغۇچى، دىرامماتورگ، ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى بولغان، ئەڭ مۇھىمى ئىگىلمەس ـ سۇنماس مىللى ئىرادە ۋە مىللى روھقا ئىگە ئىنقىلاپچى مۆھتەرەم زىيا سەمەدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتىنى قۇرغۇچىلاردىن بىرى، ئۇ ھۆكۈمەتنىڭ باش كاتىپى، ئەلىخان تۆرەمنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ئابدۇرۇپ مەقسۇم ... لار بار ئىدى.

ئوتتۇرا ئاسىيادا بەزى « ئىنقىلاپچى » قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئادەملەر ئەلىخان تۆرەم، ئەخمەتجان قاسىمىدىن باشلاپ ئابدىرۇپ مەقسۇم، زىيا سەمەدىلەرگىچە بىرمۇنچە قىممەتلىك زاتلارنى ئاز ـ تولا مىللى تۇيغۇسى بولغان ھەرقانداق شەرقىي تۈركىستانلىق ھېچ چىداپ تۇرالمايدىغان سىياسى ھاقارەتلەرنى قىلدى. ئۆلۈكلەردىن تىرىكلەرگىچە

ھەممىنى ؛ روس جاسۇسى ؛ دەپ يازدى. تىللىدى. شۇ تىللىغانلاردىن سوراپ باقايلى: سەن شۇ مىللى لىدەرلەر، دۆلەت ۋە جامائەت ئەرباپلىرىنى تىللاپ بەرگىنىڭ ئۈچۈن ، خىتايلار ساڭا نىمە بەردى؟ ئۇلارنى تىللاش ئاسمانغا قاراپ تۈكۈرگەن بىلەن ئوخشاش ئىش. تۈكۈرۈك ئۆزۈڭنىڭ يۈزىگە چۈشىدۇ. زىيا سەمەدى كىم؟ سەن كىم؟ ئابدۇروپ مەقسۇم كىم؟ سەن كىم؟ سەن، بۇ گىگانت قارىغاينى ئاغدۇرىۋەتسەم، ئۇنىڭ سايىسىدا كۆرۈنمەي قالغان مىنى خەق كۆرەتتى دەپ خاتا ئويلاۋاتسەن.

بەزى نام چىقارغۇسى كېلىۋاتقان ئەقلى كەم ئادەملەر، دۇنياغا تونۇلغان لىدەرلىرىنى، مەشھۇر ئەرباپلىرىنى قارىلاپ ئابروينى چۈشۈرىۋەتسەم، ئۇ ئابروي ماڭا كېلەتتى دەپ ئەخمىقانە تەسەۋۋۇرلاردا بولىدۇ. ئۇنىڭ نامى چىقىدۇ. ئەمما قانداق چىقىدۇ؟ ئەرەپلەردە مۇنداق بىر ھىكايە بار؛

مەككىدە بىر بەدئۇي بار ئىكەن، نامىنى چىقىرىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، ھىچقانداق قىلىپ نامىنى چىقىرالماپتۇ. كۆپ ئىشلارنى سىناپ بېقىپتۇ، ئەمما نامى چىقماپتۇ. ئۇ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ يېنىغا بېرىپ

— ئەپەندىم، مىنىڭ نامىمنى چىقىرىش ئۈچۈن كۆپ كۈچۈم ۋە كۆپ ئۆمرۈم كەتتى. ھىچقانداق قىلىپ نامىمنى چىقىرالمىدىم. قانداق قىلسام نامىم چىقىدۇ؟ —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دەپ سوراپتۇ.

ئەسىردىن ئەپەندى بۇ ئادەمنىڭ ئاخماقلىقىغا كۈلۈپ كېتىپ، — بىرىپ زەم - زەم قۇدۇقىغا سىيسەڭ نامىڭ چىقىدۇ. — دەپتۇ مەسخىرە قىلىپ.

بەدبۇي بۇ مەسخىرىنى بىلمەي، نامىم چىقىدىكەن دەپ، مۇبارەك زەم - زەم قۇدۇقىغا بىرىپ سىيىپتۇ.

— زەم - زەم قۇدۇقىغا بىر بەدبۇي سىيىپتۇ.

— زەم - زەم قۇدۇقىغا بىر بەدبۇي سىيىپتۇ.

— كىم ئىكەن ئۇ؟

— ئاشۇ كېتىۋاتقان...

شۇنداق قىلىپ پۈتۈن دۇنياغا زەم - زەم قۇدۇقىغا سىيگەن بەدبۇينىڭ نامى چىقىپ كېتىپتۇ.

بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېلىمۇ زەم - زەم قۇدۇقىغا سىيگەن بەدبۇينىڭ قىلىقىنى قىلىپ نامىنى چىقىرىپ يۈرگەنلەر بار.

ئەمما زىيان خەلقىمىزگە، مىللىتىمىزگە بولۇۋاتىدۇ.

ۋەتىنىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ يول باشچىلىرى، دىنى لىدەرلەر، ۋەتەندە خىتايلار تەرىپىدىن، ۋەتەن سىرتىدا خىتاي تەرەپدارى ئەمما ئۆزىنى مىللەتچى كۆرسىتىپ يۈرگەن بۇزۇق ئادەملەر تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىپ كەلدى. ئابدۇلقادىر داموللام 20 - ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن ئەڭ ئۇلۇق دىنى ئالىمىمىز ئىدى. مىللى ئىنقىلاپنىڭ ئاساسچىسى ئۇستاز ئىدى. ئۇمۇ ھەتتەرەم

زاتنى بىز قوغدىيالمىدۇق. 1924 ـ يىلى قەشقەردە خائىنلار ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەقسۇم 44 يىل دۈشمەن تۈرمىسىدە ياتقان قەھرىمان مۇجاھىت، دىنى ئالىم، شائىر، ۋەتەنپەرۋەر دۆلەت ئەربابى ئىدى. ئۇنى ھەم بىز قوغدىيالمىدۇق. ئۇنى 82 ـ يىلى خائىنلار جىلى قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئابدۇرۇپ مەقسۇم « مەن خائىن ئەمەس، دۈشمەن كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن بىز يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر قالدۇق. مېنىڭ خاتايىم، بۈگۈن بىزنى خائىن دەپ يۈرگەنلەرنىڭ مىللى ئىنقىلاپتا خائىنلىقى بىلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندا كەچۈرۈم قىلىش تەرەپدارىدا بولغانلىقىم.» دەپ كۆز ياشلىرىنى تۆكىدۇ. بۇ 85 ياشلىق مۆھتەرەم زات..

مۆھتەرەم زىيا سەمەدى « مىنىڭ مىللىتىم ئىچىدىن چىققان ئادەملەرنىڭ مېنى تىللاپ كۆڭلى خوش بولىدىغان بولسا، ئۇلارنى خوش قىلىش ئۈچۈن مەن ھاقارەتلىنىشكە رازى. چۈنكى ئۇمۇ مەن سۆيگەن مىللەتنىڭ پەرزەنتى. » دەپ كۈلۈپ قويىدۇ خالاس.

مىللىتىمىزنىڭ ئىچىدىن چىققان مۇنەۋۋەر زاتلارنى ئۆلۈمدىن، تىل ـ ئاھانەتتىن قوغدىيالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن، مىللى بىرلىكىمىز، ئىتتىپاقىمىز كاپالەتكە ئىگە بولمىدى. بىز بۇندىن كېيىن مىللى لىدەرلىرىمىزنى، دىنى لىدەرلىرىمىزنى، يولباشچىلىرىمىزنى، خەلق ئىچىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يۈكسەك ئابرويىغا ئىگە ئىنقىلاۋى ئەرباپلىرىمىزنى، مۇجاھىتلىرىمىزنى، قىسقىسى، ياخشى ئادەملىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، دۈشمەندىنلا ئەمەس، ۋەتەن خائىنلىرىدىن، ئىچكى بۆلگۈنچىلەردىن، بۇززۇق ئادەملەردىن قوغداش ئۈچۈن، قۇرئان تۇتۇپ قەسەم قىلدۇق؛ يامان ئادەملەر ياخشى ئادەملىرىمىزنى يوقىتىش يۈرىستىگە ئېرىشىپ بولغۇچە بىز يامان ئادەملەرنى يوقىتىمىز. مىللىتىمىزنىڭ ئىپتىخارى ھىساپلانغان كىشلەرنى تىللىغان تىللارنى كېسىپ تاشلايمىز. ئۇلارغا يامانلىق ئويلىغان زەھەرلىك مېڭىلەرنى يەنچىپ تاشلايمىز. چۈنكى قوراللىق ئىنقىلاپنىڭ تەقەززاسى بىزدىن شۇنى ئىستەيدۇ. بىز ئون نەپەر زالىم خىتاينى ئۆلتۈرۈش ھىساۋىغا بولسىمۇ ئۇنىڭ ھارامدىن تاپقان بايلىقىدا بىر شېھىتىمىزنىڭ ئائىلىسىنى باقىنىمىزغا ئوخشاش، ئون نەپەر ۋەتەن خائىننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھارامدىن تاپقان بايلىقىدا تۆرمىدىكى بىر مۇجاھىتنىڭ ئائىلىسىنى باقىنىمىزغا ئوخشاش، ئون نەپەر پىتنىچى مۇناپىقنىڭ تىلىنى كېسىپ ئىبرەت قىلىش بەدىلىگە بىر ياخشى ئادەمنى، بىر ياخشى ئادەمنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغداپ قالىمىز. مىللى ئىنتىپاقلىق ئەنە شۇ چاغدا كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

ئەمما، يامان نىيىتى بولمىغان، ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسىگە ئېرىشىش يولىدا، ئىستىقلال يولىدا

پىكىرلىرى ئوخشاش بولمىغان، بەلكى چوڭقۇر چۈشەنچە پەرقلىرى بولغان ھەممە مۇجادىلە تەرەپدارلىرى بىر ـ بىرىمىزگە كەڭ قوساق بولۇشىمىز، كۈچلۈك دۈشمەن ئالدىدا بىرلىشىشىمىز لازىم ۋە بىرلىشىش بىزگە پەرزدۇر. ۋەتىنىنى سۆيگەن ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىنى كەچۈرەلمەيدىغان، بىر ـ بىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشالمايدىغان ھەرقانداق باھانىسى بىزنى قايىل قىلالمايدۇ. ئېغىزىمىزدىن چىققان گەپ بىلەن يۈرىگىمىز ئوخشاش بولىدىغان بولسا، ئارىمىزدا ھەل بولمايدىغان ھېچ مەسىلە قالمايدۇ. مۇبارەك ئىسلام دىنىمىز، ئانا ۋەتىنىمىز، ئەزىز مىللىتىمىز، ئۇلۇغ خەلقىمىز، مۇقەددەس ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن مۇجادىلە يولىدا جانابى ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ قەلبىگە ھىدايەت بەرسۇن! ئامىن!

شۇنداق بىر ھەدىس شەرىپنى ئىسىمىزدە ساقلىشىمىزنىڭ پايدىسى كۆپ.

« ئىناقلىقتا خەيرىلىك، ئىناقسىزلىقتا ئازاپ بار.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



## بىردىن ـ بىر چارە جىھاد

مۇسۇلمان بىر خەلقنىڭ، كاپىرلارنىڭ خۇدانى تونۇمايدىغان ھاكىمىيتى ئاستىدا ئۇلارنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇپ ياششى مۇتلەق جائىز ئەمەس. مۇسۇلمان ئۆز ۋەتىنىنى كاپىرلارغا تارتقۇزۇپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، كاپىرلارنىڭ ئارمىيەسى مۇسۇلمانلارنىڭ چېگرىسىغا تاجاۋۇز قىلغاندىلا مۇسۇلمانلارنىڭ جاھاد قىلىشى پەرىز قىلىنغان.

جاھاد قۇرئانى كەرىمدە ئەڭ بۇرۇن پەرىز قىلىنغان ئىبادەتلەرنىڭ بىرسىدۇر.

بەقەرە سۈرىسىنىڭ 216 ـ ئايىتىدە ئاللاھ تائالا بىزگە شۇنداق دەيدۇ:

« سىلەرگە جاھاد پەرىز قىلىندى. ھالبۇكى، سىلەر ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرماسلىقىڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر؛ سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرۇشۇڭلار مۇمكىن، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. (سىلەرگە نېمىنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى) ئاللاھ بىلىدۇ. سىلەر بىلمەيسىلەر. (شۇنىڭ ئۈچۈن) ئاللاھ بۇيرىغانغا ئالدىراڭلار. »

بىز ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە پەرىز قىلغان جاھادىنى

قىلغان ۋاقتىمىزدا ئۆز ۋەتىنىمىزدە ئەركىن ياشىدۇق. ھاكىمىيىتىمىز قۇرئان نىزامى بىلەن قۇرۇلدى. خەلقىمىز ئۆز ۋەتىنىدە بەختىيار ياشىدى. ھېچ كىم بىزنى بوزەك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. مەسىلەن: قاراخانىلار دەۋرىدە دۇنيادا قانداق ئىپتىخار بىلەن ياشىدۇق؟! قانداق تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدۇق؟ سەئىدىيە خانلىقى زامانىدا قانداق سەلتەنەتلىك ھاياتىمىز بار ئىدى؟! كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئىمانىمىز سۇسلاشتى. ئاپپاق غوجىغا ئوخشىغان ئىماندىن ئۆزىنىڭ نەپسىنى ئۈستۈن تۇتقان موللىلار ھوقۇق ئىگەللەش ئۈچۈن خۇدانىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلماي، كاپىرلارنىڭ ياردىمىنى تەلەپ قىلدى. مۇبارەك ۋەتىنىمىز كاپىرلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى. كاپىرلارنىڭ ھاكىمىيىتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرىنچى ئىبادىتى جاھاد بولىشى لازىم ئىدى. جاھاد قىلغان مۇجاھىدلار يۇرتنى تەكرار- تەكرار قايتۇرۇپ ئالغان بولسىمۇ، بەزى سەللىسى يوغان ئىمانى يوق، ئابروي پەرەز، مۇناپىق موللىلار يەنە خىتايلاردىن ياردەم تىلىدى ۋە بۇ باھانە بىلەن يەنە كاپىرلار مۇبارەك زېمىنىمىزگە ئاياق باستى. بويسۇندۇرۇلغان مۇسۇلمان خەلقىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئىمانى كامىل، جاھاد قىلىش ئىرادىسى بولغان ياشلارنى خائىنلار كۆرسىتىپ بەردى. كاپىرلار رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈردى. قاتتىق قورقىتىلغان خەلقىمىزنى، خىتايلارغا سېتىلغان ئىمانسىز موللىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



پادىشانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ۋاجىپ ، دەپ كاپىرلارنىڭ ئەمرىگە بوي ئىگىشكە پەتىۋا بەردى. خۇدانىڭ دىگىنىنى ئاڭلىماي، كاپىرلارنىڭ دىگىنىنى ئاڭلىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان، دۇنيادىكى ئىماندىن ئۈزاقلاشقان، خۇدانى ئۇنۇتقان مۇسۇلمانلارغا ئىبرەت بولىدىغان دەرىجىدە يەر يۈزىدىكى ۋەيلۇن دوزاخقا ئايلاندۇرۇلدى. خىتايلار بىز مۇسۇلمانلارنى جازالاش ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىمىزنى دوزاخ قىلدى. بۇ دۇنيادا كاپىرلارنىڭ دوزىخىدىن قۇتۇلۇشقا ھەركەت قىلمىغان مۇسۇلمانلار ، ئۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ دوزىخىدىن قۇتۇلىشى مۇمكىن ئەمەس. قۇرئانى كەرىمدە: « بىراۋ سىلەرگە قانچىلىك چىقىلغان بولسا ، سىلەرمۇ ئۇنىڭغا شۇنچىلىك چىقىلىڭلار . » (بەقەرە سۈرىسى 194 ـ ئايەت) دەيدۇ. خىتايلارنىڭ زولۇمى جان جىنىمىزدىن ئۆتۈپ كەتكەندە ئەمدى بىزمۇ بۇ زۇلۇمنى توختۇتۇش ئۈچۈن ھەركەت قىلىۋاتىمىز. ئىمانىنى بىر دەرەخكە ئوخشاتساق، ئۇنىڭ مىۋىسى جىھاد تۈر. ئادەملەر نىمىشقا باغلىرىغا كۆچەت تىكىپ دەرەخ يىتىشتۈرىدۇ؟ مىۋە ئىلىش ئۈچۈن. شۇنداق ئىكەن بۈگۈن يۇرتىمىز خىتايلارنىڭ ئىپلاس ئاياقلىرى ئاستىدا كىرلىنىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە مۇسۇلمان خەلقىمىز دىنسىزلىك يولىغا زورلىنىۋاتقان، ھەق ـ ھوقۇقلىرىمىز قولىمىزدىن تارتىپ

ئېلىنىۋاتقان، ھەتتا ئىنسان قاتارىدا سانالمايدىغان، خۇدايىم بىزگە بەرگەن ۋەتىنىمىزنى بايلىقلىرىنى خىتايلار بىزنى قارىتىپ قويۇپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتقان، ئاللاھنىڭ قۇرئانىنى ئۆگەنگەن باللىرىمىزنى ئۆلتۈرۈۋاتقان، تۈرمىلەرگە سولاۋاتقان، قىزلىرىمىزنىڭ ئىففەت ـ نومۇسى تەھدىت ئاستىدا قېلىۋاتقان، كاپىرلار ئۆزىنى ئەزىز، بىزنى خار قىلىۋاتقان بىر مۇھىت ئاستىدا تۇرۇپ جاھاد قىلمىغان، جىھاتقا ياردەم قىلمىغان، ھېچ بولمىسا جاھاد قىلغانلارغا ھىسداشلىق قىلمىغان مۇسۇلماننى مۇسۇلمان دېگىلى بولامدۇ؟ جاھاد پەرز قىلىنغان بىر زېمىندا جاھاد بىلەن چاتىغى بولماي قانچىلىك ناماز ئوقۇسۇمۇ، روزا تۇتسىمۇ ئۇنداق ئادەمنىڭ ئىبادىتى ئاللاھ ئالدىدا قوبۇل بولارمۇ؟

شۇ ھەدىس شرىپكە كۆز ئاتايلى:

« ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى:

قانداق ئادەم تېخىمۇ پەزىلەتلىك؟

رەسۇل ئەكرەم (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم) :

ئاللاھ يولىدا جېنى بىلەن، مېلى بىلەن جاھاد قىلغان مۆمىنلەر. دەپ جاۋاپ بەردى. »

(بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى)

ئەگەر بىز ھەقىقى ئۈممەت، ھەقىقى مۇسۇلمان بولىدىغان بولساق ئاللاھنىڭ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ يولىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ماڭمىز. ئاللا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىزگە ھېچ بىر زامان زىيانلىق يولنى كۆرسەتمەيدۇ. بىزنىڭ بىرمۇنچە دىنى ئۆلىمالىرىمىز جەننەت ھەققىدە ۋەز ئېيتىدۇ. ئەمما ھەقىقى جەننەتنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ قىلغان ۋەدىسىدىن بىلىشىمىز كېرەك:

« ئەبۇ ھۇرەيرە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

جەننەتتە يۈز خىل مەرتىۋە بار. ئاللاھ ئۇلارنى، ئاللاھ يولىدا جاھاد قىلغانلار ئۈچۈن ھازىرلىغان. ئىككى مەرتىۋە ئارىسىدا ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسىدەك مەساپە بار. » (ئىمام بۇخارى رىۋايىتى).

مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە يەنە مۇنداق بىر ھەدىس بار: « ئەبۇ سەئىد ئەل خۇدرى (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

« كىمكى ئاللاھنى رەببى، ئىسلامنى دىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبىرى قىلىپ تاللىسا ئۇنىڭغا جەننەت ۋاجىپتۇر. »

بۇ خوشخەۋەر ئەبۇ سەئىدنى سۆيۈندۈردى. ئۇ، « ئەي، ئاللاھنىڭ رەسۇلى، بۇ (گېپىڭنى) يەنە بىر تەكرار ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ! — دېدى. رەسۇل (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ئۇ سۆزلەرنى تەكرار ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن:

ـ ئېخى يەنە بىرسىمۇ باركى؛ ئاللاھ ئۇ سەۋەپ بىلەن قۇلنى جەننەتتە يۈز مەرتىۋە ئۇلۇغلايدۇ. ئىككى مەرتىۋىنىڭ ئارىسى ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىسىغا ئوخشاش ئۇزاق. ـ دېدى. ئەبۇ سەئىد:

ـ ئەي، ئاللاھنىڭ رەسۇلى، ئۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئاللاھ يولىدا جاھاد قىلىشتۇر. ـ دەپ جاۋاپ بەردى رەسۇلۇللاھ. » (ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى)

ئاللاھ جاھاد ئىبادىتىنى بىزگە پەرز قىلدى. بۇ پەرزنى پەيغەمبىرىمىز ئادا قىلدى ۋە ھاياتىدا بىزگە ئۈلگە قالدۇردى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھاياتىدا 28 قېتىم كاپىرلار بىلەن بولغان جىھاتقا قوماندانلىق قىلدى. 19 قېتىم قولىدا قىلىچ ئويىنۇتۇپ جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىدە ئۇرۇش قىلدى. ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلارغا بولسا قۇرئان كەرىمدە « قەيەردە بولماڭلار (ئەجەل كەلگەندە) ئۆلۈم سىلەرنى تاپىدۇ. سىلەر مۇستەھكەم قەلئەلەردە بولغاندىمۇ. » دەپ ئايەتلەر نازىل بولدى. (نىسا سۈرىسى 78 ـ ئايەت) دۈشمەننىڭ ھاكىمىيتى ئاستىدا زۇلۇمغا مەرۇز قالغان مۇسۇلمان خەلق، ئەگەر شاھادەت شەربىتىنى ئىچىشكە ھەر زامان تەييار ھالغا كەلمەيدىكەن، ئۇنداق خەلق بۇ دۇنيادا خار بولغىنىغا ئوخشاش، ئۇ دۇنيادا ھەم ئاللاھنىڭ ۋەدە قىلغان جەننەتكە كىرىش شەرتىنى ئادا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا ھەم يېقىنلىشالمايدۇ. بۇ دۇنيادا خۇدانى ۋە ئۆزىنى ئالداشقا تىرىشقانلار ئۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ئازابىنى تارتىدۇ.

« ئەبۇ ئەكبەر ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى دېدىكى:

— مەن دۈشمەنىنىڭ قارشىسىدا دادام (ئەبۇ مۇسا) نىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېدىكى:

« جەننەتنىڭ ئىشىكى مۇتلەق قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدادۇر.» (تىرمىزى رىۋايىتى) شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، شەرقىي تۈركىستاندا ئۆزىنى مۇسۇلمان ھېساپلاپ يۈرۈپ، ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، ئەمما جاھادتىن قېچىپ، جاھادتىن ئۇزاق تۇرۇپ، خۇدادىن جەننەت تىلىگەنلەر قۇرئانى كەرىم ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى قايتا ئوقۇپ، ئاخىرەتتە ئۆزىنىڭ قەيەرگە لايىق ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە خۇدا ئالدىدىكى، ئىمان ئالدىدىكى، ۋەتىنى ئالدىدىكى خاتالىقىنى تۈزۈتىشىدە ئويغانسا كاتتا ساۋاپ بار. بۇ ساۋاپنى بىز ئەمەس، ئاللاھ تائالا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزگە ۋەدە قىلغان. « جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق.» ،« جاندىن كەچمىگىچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ.» ئەگەر ئۆزى مۇسۇلمان قەۋمدىن تۇرۇغلۇق، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتكەن يولىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، بىلىپ تۇرۇپ، بۇ دۇنيانىڭ ئالتە كۈنلۈك

راھىتى ئۇچۇن پەرىز قىلىنغان جاھاد ئىبادىتىنى ئادا قىلماي، كاپىرلارنىڭ دېگىنىنى قىلغانلارغا نىسبەتەن قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بىر ئايەت بار. « ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاتىلىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار ئىماندىن كۇپرىنى ئارتۇق كۆرسە (كۇپرىدا مەھكەم تۇرسا)، ئۇلارنى دوست تۇتماڭلار. ئىچىڭلاردىن كىملەركى، ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن ئۇلار زالىملاردۇر. » (تەۋبە سۈرىسى 23 ـ ئايەت) مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۇچۇن كاپىرلار قاتارىدا تۇرغانلار كاپىرلار بىلەن ئوخشاش زالىم ئىكەنلىكىنى قۇرئان كەرىم بىزگە ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. بىزنىڭ بۈگۈنكى زامانىۋى تىلىمىزدا ئۇلارنى « ۋەتەن خائىنلىرى، مىللى مۇناپىقلار » دەيمىز. بۇلارمۇ ئوخشاشلا جاھادتا نىشان ئالىدىغان دۈشمەنلىرىمىز. ئۇلار ئىماندىن، ۋەتەندىن، مىللەتتىن يۈز ئۆرۈپلا قالماستىن، ئۆز خەلقىنى خىتايلار بىلەن بىللە، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ بەتتەر خارلىغان، ئەزگەن زالىملاردۇر.

ئىسلام ئالىملىرى قۇرئان كەرىمدە جاھاد ھەققىدە 400 دىن ئارتۇق ئايەت بارلىقىنى يازىدۇ. دېمەك بۇنىڭدىن بىز، ئىسلامدا جاھادنىڭ ئەھمىيىتىنى نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلەلەيمىز.

ئىماننى بىرىبەدەن دەپ ھېساپلىساق، جاھاد ئۇنىڭ جېنىدۇر. جانسىز بەدەن قۇرۇق جەسەتتىن ئىبارەتتۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بارىن ئىنقىلاۋىنىڭ رەھبىرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى، مەرھۇم شېھىتىمىز زەيدىن يۈسۈپنىڭ ھايات ۋاقتىدا تەبلىغ قىلغاندا سۆزلىگەن، كېيىن خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن «جىنايەت» دەپ يېزىلغان مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار: «قۇرئان كەرىم قەۋرىستانلىقتا بارغاندا ئوقۇيدىغان كىتاپ ئەمەس، بەلكى جاھاد قىلىشنىڭ مىزانى.» مەرھۇم زەيدىن يۈسۈپنىڭ بۇ سۆزىنى ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمان قەلبىگە نەقىش قىلىپ يەرلەشتۈرۈۋېلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. شەرقىي تۈركىستانىمىزدا جاھادنىڭ پەرىز بولغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ۋە جاھادقا ئۆمرىنى، ۋاقتىنى، بىلىمىنى، جېنىنى، مېلىنى ئاتاپ تۇرۇۋاتقان مىليونلىغان ياش ئەۋلاتلىرىمىز بار. ئەمما جاھادمۇ باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش پەرىز قىلىنغان ئىبادەت بولغىنى ئۈچۈن، ئۇمۇ ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇشقا ئوخشاش ئالدى بىلەن نىيەت قىلىنىدۇ، ئاندىن باشلىنىدۇ. جاھاد جەريانىدا مۇتلەق قائىدە ـ قانۇنغا بويسۇنىدۇ. خۇددى تاھارەتسىز ناماز ئاللاھ ئالدىدا مەقبۇل بولمىغىنىغا ئوخشاش، جاھادنىڭ مەنتىقى شەرتلىرىگە ئۇيغۇن قىلىنمىغان جاھاد جاھاد ھېساپلانمايدۇ. جاھادنىڭ پەرىزلىرى قانداق بولىدۇ؟

## جاھادنىڭ پەرىزلىرى

1 ـ جاھاد مۇتلەق بىر ئارمىيە سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىر تەشكىلات ۋە ئىنتىزاملىق بىر جامائەتنىڭ غايىسى بىلەن داۋام قىلىنىدۇ.

2 ـ بۇ ئارمىيە بىر باش قوماندانىنىڭ ئەمرى بىلەن باشقۇرۇلىدۇ. ھەربىر مۇجاھىد ئاللاھ ۋە قۇرئان كەرىم مىزانى بىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ يولى بىلەن ماڭغان مۇددەتتە قوماندانغا شەرتسىز بويسۇنىدۇ.

3 ـ ھەر مۇجاھىد (مۆمىن) بۇ جاھاد ئارمىيىسى ئىچىدە ئارمىيەنىڭ ئۆز گۇرۇپپىسىنىڭ ۋە شەخسى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى بىلىدۇ. جاھاد قىلىۋاتقان يەردىكى ئورنىنى ھەرگىزمۇ تاشلاپ كەتمەيدۇ.

4 ـ جېنى بىلەن جاھاد قىلىش، ئۆمرىنى، زامانىنى، ئىمكانلىرىنى، ئاللاھنىڭ ئادالىتىنى، قۇرئاننىڭ مىزانىنى ھاكىم قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا سەرپ قىلىش، بولۇپمۇ بەدىنى بىلەن جاھاد ۋە تەشكىلات خىزمەتلىرىگە قوشۇلۇپ بۇ يولدا مۇشەققەت تارتىش ۋە بۇ يولدا شەھىد بولۇش.

5 ـ مېلى بىلەن جاھاد قىلىش، پۇلىنى، مەرتىۋىسىنى، ئىمكانلىرىنى جاھاد يولىدا ئاللاھنىڭ ھاكىمىيىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



تىكلەش يولىدا سەرپ قىلىش. جاھاد پائالىيەتلەرنى ماددى ئىمكانلار بىلەن تەمىنلەش.

6 ـ تەشكىلات ئىچىدە پىتنە ۋە تەپرىقە چىقارماسلىق.

بۇ ئالتە شەرت ئەمەلگە ئاشۇرۇلماي قىلىنغان جاھاد جاھاد ھېساپلانمايدۇ.

جاھادنىڭ سۈننەتلىرى

1 ـ جاھاد قىلماي تۇرۇپ خۇدادىن ياردەم تەلەپ قىلىش، (كاپىرلاردىن) قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلىشنىڭ ئەھمىيەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلىش لازىم. جاھاد باشلانغاندىن كېيىن خۇدادىن ياردەم كۈتۈش جائىزدۇر. ئاللاھ تائالا بىزگە شۇنداق ۋەدە قىلىدۇ:

« ئى مۆمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) ياردەم بەرسەڭلار، ئاللاھ سىلەرگە (دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى) ياردەم بېرىدۇ. قەدىمىڭلارنى (ئۇرۇش مەيدانلىرىدا) بەرقارار قىلىدۇ. كاپىرلارنى ھالاك قىلىدۇ. » ( مۇھەممەد سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەت )

2 ـ غەلىبىنى ئەسكەر ۋە قورال ـ ياراقتىكى ئۈستۈنلۈكتىن ئەمەس، خۇدادىن كۈتۈش لازىم. ئادەم ۋە قورالنىڭ ئاز بولۇشىدىن ئۈمىدسىزلىككە چۈشمەسلىك كېرەك. بىز ئەگەر خىتاي ئارمىيىسىگە قارشى تۇرغىچىلىك كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئاندىن

جاھاد قىلمىز دىسەك، بۇنىڭغا بىزنىڭ، ھەتتا بىزنىڭ باللىرىمىزنىڭمۇ ئۆمرى يەتمەيدۇ. خىتايلار بىزنى جىم تۇرساقمۇ ئۆلتۈرىۋاتىدۇ. قورقىتىۋاتىدۇ. بوزەك قىلىۋاتىدۇ. بىز كاپىرلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىمىزنى ئىمانىمىزنى، دىنىمىزنى، يۇرتىمىزنى قوغدىيالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئاللاھ ئالدىدا گۇناھكار بولىۋاتىمىز. بىز ئەگەر بۇ دۇنيادا ياشايدىكەنمىز ئەركىن ياشاش ئۈچۈن، ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەك، ياراتقان ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىغا يۈزىمىز ئاق بىرىش ئۈچۈن جاھاد قىلىشتىن باشقا چارىمىز يوق.

« ئاللاھ ھەرقانداق خىيانەتچى، ناشۈكۈر بەندىنى دوست تۇتمايدۇ. ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچىرغانلىقى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بىرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. » (ھەج سۈرىسى 38 ـ 39 ـ ئايەتلەر) زۇلۇم قىلغانلارغا قارشى قارشىلىق كۆرسۈتۈش قۇرئان كەرىمدە ئىنىق كۆرسۈتۈلگەن. زۇلۇم قانچىلىك ئىغىر بولسۇن، زۇلۇم قىلغۇچى زالىم ھاكىمىيەت قانچىلىك كۈچلۈك بولسۇن، بىز ئۇنىڭ زۇلمىنى توساش ئۈچۈن قارشىلىك كۆرسەتمىسەك، زالىمنىڭ بىزگە زۇلۇم قىلىشىغا ياردەملەشكەن بولىمىز. زۇلۇمغا شىرىك بولغۇچىلارنىڭ ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى ئورنى قانداق بولىدۇ؟ بۇنى ھەربىر مۇسۇلمان بەندە ياخشى بىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



3 ـ جاھاد ئۈچۈن دەۋرىنىڭ شەرت ـ شارائىتلىرىغا كۆرە، ھەر تۈرلۈك تەييارلىقلارنى يېتەرلىك دەرىجىدە قىلىش لازىم. بۇ ھەقتە قۇرئاندا شۇنداق ئايەت بار:

« دۈشمەنلىرىڭلار ( بىلەن ئۇرۇش قىلىش ) ئۈچۈن، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنىنى، ئۆزەڭلارنىڭ دۈشمىنىڭلارنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى يوقىتىسىلەر. » ( سۈرە ئەنفال 60 ـ ئايەت ) بىز شەرقىي تۈركىستانلىق مۇسۇلمانلار ئەڭ ئېغىر شارائىت ۋە ئەڭ ئېغىر ئىمكانسىزلىق ئىچىدە بۇ جىھادقا ھازىرلىنىۋاتىمىز بىزدە مىڭ ئادەم ئىچىدە بىر نەچچە ئادەم قورال تۇتۇشنى بىلىدۇ. چۈنكى، خىتاي ھاكىمىيتى بىزگە ئەسكەرلىكنى ئۆگەتمىدى. بىزدە يېتىشكەن قوماندانلار ئاز. ئەڭ ئاددىسى چېچەنىستان بەك كىچىك، نوپۇسى بەك ئاز بولۇشىغا قارىماي، مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ، تاكى روس ئارمىيىسى چېچەنىستانغا بېسىپ كىرگۈچە بولغان 4 يىل ئىچىدە چېچەنلەر قولىدىن كېلىشىچە تەييارلىق قىلغان ئىدى. ئۇنلارچە گېنېرال قوماندانلىرى بار ئىدى؛ يۈزلەرچە تانكىلىرى، مىڭلارچە ئېغىر قورالللىرى ۋە بىرنەچچە مىڭ زامانىۋى ئۇرۇش تېخنىكىسىنى بىلگەن ئەسكەرلىرى بار ئىدى.قورال ياسايدىغان ئىستانوكلىرى بار ئىدى. ئەمما بىزنىڭ ھېچبىر نەرسىمىز يوق.

زىمىنىمىزنىڭ ھەر يېرىدە بىزنى ئۆلتۈرۈشكە تەييار تۇرىۋاتقان كۈچلۈك دۈشمەن ئارمىيەسى بار. خىتايلارنىڭ جاسۇسلۇق تورلىرى، ساقچىلىرى ھەر يەردە ئىتتەك تىمىسقىلاپ يۈرۈيدۇ. خىتايلار بىزلەرنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئارمىيەسىگە، ساقچىسىغا، زالىملىرىغا، خائىنلىرىغا قانچىلىك ئىقتىسات كەتسە بېرىۋاتىدۇ. ئەمما ئۇلار خام خىيال قىلىدۇ؛ تارىخ بىر كۈنى شۇنىڭغا شاھىت بولىدۇكى، خىتاي ھاكىمىيتى، بىزنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەيدۇ. بەلكى بىز ئۇلارنى مۇبارەك ۋەتىنىمىزدىن سۈپۈرۈپ چىقىرىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن قولىمىزدىن قانچىلىك تەييارلىق كەلسە، ھەممىسنى قىلىشىمىز، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ھەم قەبىھ ھەم ياۋۇز ھەم كۈچلۈك. ئەمما ئۆلىمىز، ئۆلتۈرىمىز، ئۆلىمىز؛ ئۆلتۈرىمىز... جىھاد شۇنداق داۋام قىلىدۇ.

4 . ئەڭ بۇرۇن، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ئەڭ كۆپ زىيان سالغان، زىيىنى ناھايىتى كەڭ تارقالغان دۈشمەنلەر بىلەن ئۇلار قۇرغان سىياسى ھاكىمىيەتكە قارشى جىھاد باشلاش لازىم. بىز بۈگۈن خىتاي ھاكىمىيتىگە قارشى جىھاد باشلايمىز. شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز لازىمكى، بىزنىڭ جۇڭگو خەلقى بىلەن ھېچقانداق زىددىيىتىمىز يوق. ئۇلارنىڭ دىنسىز بولۇشى ياكى باشقا دىندا بولۇشى ئۆز ئىشى. ئەمما بىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



قارشى تۇرىدىغىنىمىز بىزدىن ۋەتىنىمىزنى تارتىۋېلىپ، بىزگە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان زالىم خىتايلار. ھەتتا ۋەتىنىمىزگە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەجبۇرى ياكى ئالداپ ئېلىپ كېلىپ يەرلەشتۈرۈلگەن مىليونلارچە خىتاي ئاھالىسى بىگۇنا ئىنسانلار. بىزنىڭ زەربە بېرىش نىشانىمىز زالىم خىتاي ئەمەلدارلىرى. ئۇلارغا سېتىلغان مىللى خائىنلا، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوغداپ، بىزنى ئۆلتۈرۈۋاتقان خىتاي ئەسكەرلىرى؛ ساقچىلىرى، شپيونلىرى. ئەگەر جىھاد تا خىتاي خەلقى يۇرتىغا كېتىشنى ئارزۇ قىلسا ياردەم قىلىپ يولغا سېلىپ قويىمىز. ئەگەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ سېپىمىزدە تۇرۇپ خىتايلار بىلەن ئۇرۇش قىلسا بۇ ۋەتەندە بىز بىلەن بىللە ياشايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئالدىدا ھەممە ئىنسانلار ئوخشاش. ئىسلام دىنىدا مىللى زۇلۇم يوق. ئىنسان ئىنسانغا زۇلۇم قىلىش يوق. باشقا دىندىكىلەرنى كەمسىتىش يوق. ئەمما، ئىسلامغا قارشى، مۇسۇلمانلارغا قارشى زۇلۇم قىلىنسا ئۇ زۇلۇمنى توسۇش، زۇلۇمنىڭ مەنبەسىنى يوقۇتۇش ئەلۋەتتە بىزگە پەرز.

خىتاي خاكىمىيىتىگە ماسلىشىپ بىزگە بولغان مىللى زۇلۇمنى ساقلاپ قېلىشقا ياردەملەشكەن خىتايلار بولسا ئەلبەتتە ئۇلارغىمۇ سۈكۈت قىلىپ تۇرالمايمىز.

5 ـ دۈشمەنلىرىمىزگە سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىن

ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئۇلارنى توغرا يولغا ئۈندەش. بۇنىڭغا ئۇنىمىسا. بەلگىلىك شەرتنامىلار ئىمزالاشنى تەكلىپ قىلىش. سىياسى ۋە ئەسكىرى رەقىپلىرىمىز كىلىشىم ھاسىل قىلىشقا قوشۇلغان تەقدىردە سۈلھى قىلىش؛ بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق ئايەت بار:

« ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن ... ئەگەر ئۇلار (تەييارلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن سۈلھى بىلەن) سىنى ئالدىماقچى بولسا، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن) شەكسىز ساڭا كىپايە قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ سېنى ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن ۋە مۆمىنلەر (مۇجاھىدلار) بىلەن كۈچلەندۈردى. » (ئەنفال سۈرىسى 61 ـ 62 ـ ئايەتلەر). ئەمما خىتايلار بىزنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىگىنى ئۈچۈن بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەق ـ ھوقۇقىمىزنى تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ ئۇلار بىلەن سۈلھى قىلىشىمىز خام ـ خىيالدىن ئىبارەت. بۇنداق شەرت ـ شارائىت بولغان زامانلاردىمۇ تارىختا خىتايلار بىزنى ئۇرۇشتا يېڭەلمىگەن چاغلاردا سۈلھى قىلىپ كېيىن كۈچەيگەن ۋاقتىدا ئەھدىسگە خىيانەت قىلىپ، يەنە بىزنى قايتىدىن دوزاخقا ئىتتىرىۋەتكەن پاكىتلار تېخى يادىمىزدا.

6 ـ دىنىمىزغا ۋە ۋەتىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلمىغانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



بىلەن ئىنسانى ئالاقىنى راۋاجلاندۇرۇش؛

« (كۇپپارلاردىن) سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان ۋە سىلەرنى يۇرتۇڭلاردىن قوغلاپ چىقارمىغانلارغا كەلسەك، ئاللاھ ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلاردىن، ئۇلارغا ئادىل بولۇشۇڭلاردىن سىلەرنى توسمايدۇ. شۈبھىسىزكى ئاللاھ ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ. » (مۇمتەھىنە 8 ـ ئايەت) جاھاد جەريەنىدا بىزگە قىلىنغان زۇلۇم بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ( گەرچە باشقا دىندا بولسىمۇ) كىشىلەر، تەشكىلاتلار دۆلەتلەر بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ تەلىماتىغا ئۇيغۇن، ئادىل مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىشقا ئەھمىيەت بىرىشىمىز لازىم.

دۇنيادا باشقا دىنغا، باشقا ئىرققا مەنسۇپ نۇرغۇن ئىنسانلار بار. نۇرغۇن دۆلەتلەر بار. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسان بولغىنى ئۈچۈن، خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ بىزگە قىلغان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇمغا قارشى نەپرىتى بار. بىزگە ھىسداشلىقى بار. بىز ھەرگىزمۇ نادانلىق تۈپەيلىدىن ياكى قەستەن بۇزغۇنچىلىق تۈپەيلىدىن، ئىسلام دىندىكىلەردىن باشقىلارنى دۈشمەن دەپ كۆرۈپ خەلقىمىزنى خىتاينىڭ تۇزىقىغا چۈشۈرۈپ ھالاك قىلىدىغان خاھىشلاردىن قەتئىي سەگەك بولۇشىمىز لازىم.

بىزنىڭ، ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن باشقا، بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ، بارلىق ئىنسانلىق دۇنياسىنىڭ

ھىداشلىقىغا، ياردىمىگە ئېھتىياجىمىز بار. بىزدە ئىمىڭ دوست ئاز. بىر دۈشمەن ئارتۇق، دەيدىغان خەلق تەمسىلى بار. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بىرلا. يەنى يۇرتىمىزغا تاجاۋۇزچىلىق قىلىپ كىرىۋالغان ۋە بىزگە زۇلۇم قىلىۋاتقان، دىنىمىزگە ھاقارەت قىلىۋاتقان خىتاي ئىستىلاچىلىرى. مەقسىدىمىز مۇبارەك ۋەتىنىمىزدىن بۇ زالىملارنى ھەيدەپ چىقىرىش.

7 - كۈچنى ۋە پىكىرنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھەر جەھەتتىن بىر- بىرىمىزگە چەمبەرچەس باغلىنىپ تۇرۇپ جاھاد قىلىش؛ تەشكىلات ۋە جامائەتنىڭ ئىچىدە كەمچىللىك، يېتەرسىزلىكلەرنى چوڭايتىپ كۆرسەتمەسلىك لازىم. چۈنكى، دۈشمەننىڭ توپ، زەمبىرەك ئوقلىرى ئۈستىمىزگە چۈشۈۋاتقان خەتەرلىك ئەھۋال ئاستىدا يۇتىمىزغا كىرگەن ئۇششاق تىكەنلەرگە ئەھمىيەت بېرىپ كېتىش مۇجاھىدلارغا خاس ئەخلاق ئەمەس. بىر- بىرىمىزگە كەڭ قوساق بولۇش، سەممىي بولۇش، بىر- بىرىمىزنى ئەپۇ قىلىشىمىز لازىم. مېھرى - مۇھەببەت دىن قېرىنداشلىرىمىزغا، قان قېرىنداشلىرىمىزغا، جان قېرىنداشلىرىمىزغا، غەزەپ - نەپرەت: دىن دۈشمەنلىرىمىزگە، قان دۈشمەنلىرىمىزگە، جان دۈشمەنلىرىمىزگە بولسۇن! چېچىلغان كۈچ كۈچ ئەمەس، بىرلەشكەن كۈچ ئاز ئەمەس، ئاجىز ئەمەس. نىيىتى دۇرۇس، پىكرى ئۇچۇق، ئېتىقادى كۈچلۈك،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



ئۆزىگە ئىشەنگەن مۇجاھىدلەرلەر ھەرزامان قورقىنى كەڭ تۇتىدۇ. ئۇمۇمنى چۈشۈنىدۇ. ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ئۈستىدە ئەمەس، ئۇلۇغ غايە ئۈستىدە پىكىر قىلىدۇ. جامائەتكە ئۆلگە بولىدۇ. جامائەتنى، تەشكىلاتنى، مۇجاھىدلارنى بىرلەشتۈرۈش؛ مۇجادىلىنى كۈچلەندۈرۈش، جاھادنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش يولىدا كېچە - كۈندۈز ئەمگەك سەرپ قىلىدۇ.

8 - باش ئەمىر تەيىنلىگەن ئالدىنقى سەپ قوماندانلىرى، رايون قوماندانلىرى، ھەرقايسى سەپ قوماندانلىرى ئىچىدە كۆڭلۈمىزگە ئەرزىمىگەن، بىزگە ياقمىغان قىلىق ھەركەتلىرى بولسا سەبرە قىلىش، نارازىلىق قىلماسلىق ئىسيان قىلماسلىق؛

« كىمكى ئەمىر ۋە قوماندانلىرىدا كۆڭلىگە ياقمىغان بىر ئەھۋال كۆرسە سەبرى قىلسۇن! چۈنكى، جامائەت (تەشكىلات) تىن بىر غېرىچ ئايرىلغان كىشى (ئۇ تەرىقىدە) ئۆلۈپ كەتسە، پەقەتلا جاھىلىيەت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن بولىدۇ. »

( « بوخارى » ۋە « مۇسلىم » رىۋايىتى)

ئاللاھ رىزاسى ۋە غايىمىزنىڭ يۈز خاتىرسى ئۈچۈن ئەمىر، قوماندانلىرىمىزنىڭ ئۆزى سەزمىگەن بەزى خاتالىرى بولسا ئەلبەتتە ئەدەپ ۋە ئەخلاق دائىرىسى ئىچىدە تەكلىپ، تەۋسىيەلەردە بولسا تەبىكى پايدىلىق.

بۇنداق خاتالارنى باھانە قىلىپ، سىپىمىزنى، ئىتتىپاقلىقىمىزنى بۇزىدىغان نارازىلىق، ئىختىلاپ، پىتنە پەۋقۇلئاددە زىيانلىق. ئەمرىگە بويسۇنۇش بولسا دىنىمىزدا، بولۇپمۇ جاھادتا باش تارتىپ بولمايدىغان پەرزدۇر.

9 ـ ئاللاھ يولىدا ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت ۋە قىيىن ـ قىستاقلارغا بەرداشلىق بېرىش؛

« خەندەك غازىتى ئۇچۇن خەندەك قېزىۋاتقان كۈنلەردە، بىر ساھابى مۇدەممەد ئەلەيھىسسالامغا:

ــ ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى، يەيدىغان نەرسە يوق ھالىم قالمىدى. باق ھالىمغا، دەپ ــ دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالغان قورسىقىغا تېڭىۋالغان بىر دانە تاشنى كۆرسەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇنى كۆر دەپ، ساھابىغا قارنىنى ئېچىپ قورسىقىغا باغلىغان ئىككى دانە تاشنى كۆرسەتتى. ئۆزىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەسلىكى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرگەن ساھابى پەيغەمبىرىدىن كۈچ ئالدى ۋە تېخىمۇ غەيرەت بىلەن خەندەك كولاشقا باشلىدى. » جاھاد مۇسۇلمان ئۈچۈن بۇ دۇنيادا ئەڭ ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەت ئېلىپ كەلگىنى ئۈچۈن، ئۇ دۇنيادا ساۋابى تەڭداشسىزدۇر. مۇجاھىد بولغان كىشى، ئاللاھنىڭ ئەسكىرى دېمەكتۇر. شېھىدلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆزىنى ھازىرلىغان بىر كىشى قىيىنچىلىق ئالدىدا چىدىيالمىسا، ئۇ ئىمانىنىڭ ئاجىزلىقى، ھەقىقەتتە جاھادقا ھازىر ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

جاھادقا ھېچكىم زورلانمايدۇ. مۇجاھىد بولغان كىشى، ئائىلىسىدىن بىر كىشى سۇغا چۈشۈپ بۇغۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قانداق دەرياغا يۈگۈرسە، خەۋپ ئاستىدىكى ۋەتىنىنى، خەلقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن شۇنداق جىددىيلىك بىلەن جاھادقا يۈگرەيدۇ. شۇنداق مۇجاھىد ھەقىقى مۇجاھىددۇر. مۇجاھىد ئاچ قالغاندا، خىتاي تۈرمىسىدا ئاچ ياتقان باشقا بىر مۇجاھىد دوستىنى ئەسلەيدۇ ۋە «ئۇنىڭدىن مەن توق» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىدۇ. مۇجاھىد ھېرىپ-چارچىغاندا، جاھادتا پۇت، قولىدىن ئايرىلغان مۇجاھىتلارنى ئويلايدۇ ۋە ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىش ئىستىگىدە بولىدۇ. مۇجاھىد تۈرمىلەرگە چۈشۈپ قېلىپ تۈرمىلەردە قىين-قىستاققا ئېلىنغاندا، ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئۇنى سوراق قىلغان جاللاتلاردا كۆپلىگەن مۇجاھىدلارنىڭ قان-قىساسى بارلىقىنى چۈشىنىدۇ ۋە بۇ دۈشمەنلەرگە بولغان نەپرىتى ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيتىنى يوقۇتۇش ئىرادىسى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. مۇجاھىدنىڭ ئەڭ ئاخىرى ئېرىشىدىغان يېرى ئاللاھنىڭ جەننىتى بولىدۇ. خىتاي ئەسكەرلىرى بۇيرۇققا بويسۇنۇشنى بىلىدۇ. ئەمما ئۇ

كىم ئۈچۈن، نېمىشقا جەڭ قىلىشنى بىلمەيدۇ. كاپىر ئۈچۈن جان بۇ دۇنيادا تاتلىق. مۇجاھىد كىم ئۈچۈن، نېمىشقا جەڭ قىلىشنى بىلىدۇ. ئۆلۈپ كەتسە بارىدىغان يېرىنى – يەنى بىر ئاللاھنىڭ جەننىتىگە بارىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆلۈمگە ھودۇقماي بارىدۇ. مۇجاھىدلارنىڭ لۇغىتىدا قىيىنچىلىق، قورقۇش، ئۆلۈم دېگەن سۆزلەرگە ئورۇن يوق. چۈنكى، مۇجاھىدلار كۈچىنى پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ مەنبەسى بولغان ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدىن ئالىدۇ.

10- جاھادنىڭ زەپەر بىلەن ئاياقلىشىدىغانلىقىنى، ئاللاھ يولىدا ئىشلىگەن، جەڭ قىلغانلارنىڭ ئەڭ پايدىلىق، ئەڭ خەيرلىك، ئەڭ مۇبارەك خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىش؛

« ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە سىلەرنى قاتتىق ئازابتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر تىجارەتنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چىن ئىمان ئېيتقايسىلەر، ئاللاھنىڭ يولىدا مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن جىھاد قىلغايسىلەر. ئەگەر بىلسەڭلار سىلەر ئۈچۈن بۇ ياخشىدۇر. (شۇنداق قىلساڭلار) ئاللاھ سىلەرنىڭ گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ. سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ. دائىمى تۇرالغۇ بولغان جەننەتتىكى گۈزەل سارايلاردا (تۇرغۇزىدۇ) بۇ چوڭ

www.uyghurkitap.com



مۇۋەپپىقىيەتتۇر. سىلەرگە (مەرھەمەت قىلىنغان) سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىككىنچى بىر نېمەت ئاللاھتىن كېلىدىغان نۇسرەت ۋە يېقىن غەلىبىدۇر.» (سەپ سۈرىسى 10 ـ 13 ـ ئايەتلەر)

شەرقىي تۈركىستانىنىڭ خىتاي ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشىدا، شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇشىدا شەك ـ شۈبھە يوق. جاھادتا ئاقىقان قانىنىڭ بۇ دۇنيادا غەلىبە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق. شەرقىي تۈركىستاندا ئىزىلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ غالىبىيىتى يات ـ يېقىندا تەنتەنە قىلىدىغانلىقى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كۆنسىرى يېڭى بىشارەتلەر بىلەن كۆرسىتىلمەكتە. ئۇزۇن يىللار كاپىرلارنىڭ زۇلمىغا بوي ئېگىپ، ئۇلارنىڭ رايىغا بېرىپ ئاللاھتىن ئۇزاقلاشقانلار، ئاللاھقا تەۋبە ئىستىغپار قىلماقتا. قۇرئان كەرىمنى چاك ـ تۇزاك ئىچىدە تاشلاپ قويغانلار، قۇرئان كەرىمنىڭ مۇسۇلمانلارغا، بارلىق ئىنسانلارغا، پۈتۈن كائىناتقا يول كۆرسەتكۈچى مىزان ئىكەنلىكىگە ھەقىقى ئىشەنمەكتە. مۇسۇلمانلارنىڭ ئازاتلىقى، بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئىسلامدىن باشقا يولدىن كەلمەيدىغانلىقىنى خەلقىمىز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاچچىق ـ ساۋاقتىن چۈشىنىپ يەتتى. دادىسى كاپىر بىلەن دوست بولغان بولسا، بالىسى ئاللاھ يولىدىكىلەر بىلەن دوست بولماقتا. دادىسى ھاراق

ئىچىدە بالىسى بۇ ئىسلامغا، مىللى ئەخلاقىمىزغا ئۇيغۇن ئىش ئەمەسلىكىنى سىزلەپ نەسىھەت قىلماقتا. دادىسى كاپىرلاردىن قورققان بولسا، بالىسى ياراتقان ئاللاھتىن قورقماقتا. كوممۇنىزىمدىن رايى قايتقان دادىسى قايسى يولغا مېڭىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالغاندا، بالىسى ئىسلامنىڭ توغرا يولىغا باشلىماقتا. دادىسى ئىبادەتنى پەقەتلا ناماز ئوقۇش دەپ بىلگەن بولسا، بالىسى، زۇلۇم ئىچىدە قالغان مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىبادەت جاھادتۇر. دەپ ئورتىغا چىقماقتا..... بۇ پاكىتلار، بۇ ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئاھمىزنىڭ ئاللاھقا يەتكەنلىكىنىڭ، زۇلۇمدىن قۇتۇلىشمىزنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. كاپىرلارنىڭ بىزگە قىلغان بۇ قەدەر چىدىغۇسىز، دەھشەتلىك مىللى زۇلمى خەلقىمىزنىڭ ياش ئەۋلاتلىرىنى ئاللاھنىڭ يولىغا ئىشتىياق بىلەن جەلپ قىلىشقا ۋەسلە بولماقتا. خەلق ئارا جەھەتتىمۇ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ كۈن ساناپ يېقىنلىشۋاتقانلىقى پۈتۈن دۇنياغا ئېنىق بىلىنمەكتە. كاپىرلارنىڭ كۈچىنى تار - مار قىلىش ئاللاھقا ئاساندۇر. ۋارشاۋا ئىتتىپاقى، سوۋېت ئىتتىپاقى تار - مار بولغىنىغا ئوخشاش، كۆرەڭ خىتاي ھاكىمىيىتىمۇ تارمار بولىدۇ. ئاز ۋە ئاجىز بولۇشمىزغا قارىماي بۇ قېتىمقى جىھاد تا غەلىبە مۇتلەق شەرقىي تۈركىستانغا مەنسۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ.

11 . جىھاد نى ئۆزىنى زورلاپ ياكى ناخۇش ھالدا ئەمەس، بەلكى ئىبادەت ئىشتىياقى بىلەن قىلىش؛

« ئاللاھنىڭ يولىدا ( پۇل ـ مېلىڭلار بىلەن، جېنىڭلار بىلەن) تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە جىھاد قىلىڭلار. » ( سۈرە ھەج 78 ـ ئايەت ) جىھاد نىڭ ئەڭ ماۋاپلىق ئىبادەت بولۇشىدىكى سەۋەپ، ئىنسان ئۆچۈن بۇ دۇنيادا بىباھا قىممەتكە ئىگە بولغان جانىنى ئاللاھ يولىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا. جىھاد ھەرگىزمۇ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ كۆرستىش ئۈچۈن ياكى ئولجىدا چۈشكەن مالنى ئېلىش ئۈچۈن ياكى باشقا بىر مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىدىغان ئىش ئەمەس. ۋەياكى ئەڭ خەتەرلىك سەپلەردە جىھاد قىلىش ئىمكانى بار تۇرۇپ، ئوق ئاۋازى ئاڭلانمايدىغان، قان تۆكۈلۈشتىن ئۇزاق يەرلەردە تۇرۇپ ئۆزىنى جىھاد قىلغاندەك كۆرستىدىغان ئىش ئەمەس. شۇڭا جىھاد قىلىشنى ئارزۇ قىلغانلار ئۆزىنىڭ ئىمانى، ئىرادىسى، روھى ھالىتى، سالامەتلىكى جىھاد قا ئۇيغۇنمۇ يوقمۇ؟ ياخشى ئويلۇنۇپ جىھاد قا قېتىلىشى كېرەك. جىھاد سېپىگە كىرىپ بولۇپ سەپتىن ئايرىلىش ياكى سەپتىن ئايرىلىشقا باھانە ئىزدەش ھەم جىھاد قا خىيانەت بولىدۇ ھەم جىھاد سېپىنىڭ كەيپىياتىغا ئېغىر زىيان ئېلىپ كېلىدۇ.

12 . ئەمىر ۋە قوماندانلار مۆئمىن ( مۇجاھىت ) لارنى جىھاد قا رىغبەتلەندۈرىدىغان نۇتۇقلارنى سۆزلىشى، يىغىنلارنى ئويۇشتۇرۇشى، گېزىت - ژورنال، رادىيو - تېلېۋىزور تەشۋىقاتلىرىنى قىلىش؛

« ئى پەيغەمبەر! مۆئمىنلەرنى ( مۇشرىكلار بىلەن ) ئۇرۇش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگىن، ئەگەر سىلەردە ( چىدامىلىق ) 20 ئادەم بولىدىغان بولسا، ( دۈشمەندىن ) 200 نى يېڭەلەيدۇ. ئەگەر سىلەردە ( چىدامىلىق ) 100 ئادەم بولىدىغان بولسا، كاپىرلاردىن 1000 نى يېڭەلەيدۇ. » ( سۈرە ئەنفال 65 - ئايەت ) بىز ئۆز كۈچىمىزگە ئىشىنىشىمىز لازىم. چۈنكى بىزنىڭ غايىمىز ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مۇبارەك غايە. جىھاد سېپىمىزدىكى مەنىۋى كۈچنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھالدا مۇجاھىتلىرىمىزغا، خەلقىمىزغە چۈشەندۈرۈش ۋە ئۆز غەلىبىسىگە ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، تەبلىغ، تەشۋىق پائالىيەتلىرى ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. خىتايلار بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ ئەڭ ئاخىرقى پروپوزىسىنى قىلماقتا. بىز، قەغەز يورلۇاسىنىڭ دىل ماۋنىڭ ۋارىسلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشىمىز، جىھاد تا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغانلارنىڭ غالىپ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى بارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرىمىز بىلەن خەلقىمىزگە بىلدۈرۈشىمىز لازىم.

13 . ئالىم، ئۆلىمالارنىڭ جىھاد قا قوشۇلۇشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



پايدىلىق ۋە زۆرۈردۇر؛

« نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى. بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ. » ( سۈرە ئال ئىمران 146 ـ ئايەت.) ئالىملار، ئۆلىمالار، زىيالىلار، پەن ـ تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ جىھاد قا قوشۇلۇشى جىھادىمىزنىڭ غالىبىيىتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل. بولۇپمۇ بىزنىڭ زىيالىلىرىمىز خىتاي ھاكىمىيىتى مەنسۇپلىرى بىلەن دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. مىللى كەمسىتىشنى، مىللى ھاقارەتنى ھەر كۈنى ھىس قىلىپ تۇرىدۇ. ۋەتىنىمىزنىڭ بېشىغا، مىللى مەنپەئەتىمىزگە، مىللى مەۋجۇدىيىتىمىزگە قارىتا خىتايلارنىڭ يوقىتىش سىياسىتىدىكى ئۇستىلىقلارنى، ھىلە ـ مىكىرلەرنى، قىسقا، ئورتا، ئۇزۇن ۋەدىلىك ستىراتىگىيەلەرنى، ئۆزىمىزگە تۇيدۇرماي تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزدىكى قانلىرىمىزنى شوراپ تۈگىتىشتىن ئىبارەت قەبىھ نىيىتىنى بىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تارىختىكى بارلىق خىتاي ھاكىمىيەتلىرى ئالدى بىلەن خەلقىمىزنىڭ ئىمانلىق، ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك ئادەملىرىنى يوقۇتۇپ كەلدى ۋە بۈگۈنمۇ

شەرقىي تۈركىستاندا خىتايلارنىڭ بىرىنچى يوقىتىش نىشانى خەلقنى ئويغىتىش، باشلاش قابىلىيىتى بولغان بىلىمى بار، ھۆرمىتى بار، ئىمانى بار، ۋىجدانى بار، زىيالىلار، ئۆلىمالار بولۇپ كەلمەكتە. بىر مىللەتنىڭ زىيالىلار قوشۇنى — ئۇ مىللەتنىڭ مېڭىسى دىمەكتۇر. مېڭە دىمەك — ئىنسانىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ۋە ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىدىغان تەپەككۇر مەركىزى دىمەكتۇر. دىنى ئالىملىرىمىز، زىيالىلىرىمىز جاھادنىڭ ھازىرلىنىشىدا پەۋقۇلئاددە مۇھىم نەزەرىيىۋى، ئىدىيىۋى، تەربىيىۋى خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ۋە ئىشلىمەكتە. بىز ئويغۇرلاردا «بىلىمى يوق بىرنى يەڭسە، بىلىمى بار مىڭنى يېڭەر.» دەيدىغان خەلق تەمسىلى بار. ئىمانى، ۋىژدانى، غۇرۇرى ۋە ئىرادىسى بولغان زىيالىلىرىمىزغا جاھادقا كىرىپ كىلىۋاتقان مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئىھتىياجى بار. ئىنشائاللاھ، ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن بىلىمنى ئاللاھ يولىدا، ۋەتىنى يولىدا ئىشلىتىدىغان بىلىم ئىگىلىرى جاھادنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدە ئورۇن ئالغۇسى.

14 - زوررۇر بولغان جاسۇسلۇق ۋە ئالدىن - ئالا چارلاش تەشكىلاتلىرىنى قورۇش؛

«ئەل ھەربۇ خىدئەتۇن» (جەڭ ھىلىدۇر). جەڭدە جەڭ تاكتىكىسىنى ياخشى قوللىنىش، جەڭدە غەلبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن دۈشمەن ئەھۋالىنى چارلاش،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىگە ئادرېسى



جاسۇسلۇق پائالىيىتىنى مەخپىي، كەڭ، توغرا ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە جەڭدە تاكتىكا (ھىلە) قوللىنىش، دۈشمەنگە باشقا يەردىن شەپە بېرىپ، باشقا يەردىن ھوجۇم قىلىش. ئاز مۇجاھىد بىلەن كۆپ دۈشمەن ئارمىيىسىنى ئالاقزادە قىلىپ، دۈشمەن ئارمىيىسىنىڭ روھىنى چۈشكۈنلەشتۈرۈش. ھېچ ئويلىمىغان يەردە تۇيۇقسىز بېسىش .... قاتارلىق جەڭ تاكتىكىلىرىدا ئالدىن - ئالا چارلاش، جاسۇسلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتى پەۋقۇلئاددە مۇھىم. بەزى جەڭلەر قانچە كۈن، قانچە ئاي دۈشمەن ئەھۋالى چارلانغاندىن كېيىن قىلىندۇ. ۋە جەڭ بىرنەچچە مىنۇتتىلا غەلبە بىلەن تۈگەيدۇ.

ئەمما بىزدە جاسۇسلۇق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن مۇجاھىدلىرىمىز بەك ئاز. ئېلىپ بېرىلغان ھەركەتلەرنىڭ ئاسانلا ئاشكارىلىنىپ قېلىشىمۇ تەييارلىق ۋە چارلاش خىزمىتىنىڭ يېتەرسىزلىكى، سەل قاراشتىن كېلىپ چىققان. بىزنىڭ بەزى يۇرت تېشىغا چىقىۋالغان دىنى زاتلىرىمىز جاھاد قىلىشنى تەبلىغ قىلىش دەپ چۈشۈنۈپ، جامائەت ئىچىدە ئاشكارا جاھاد ھەققىدە تەبلىغ قىلىپ، ئاشكارا پۇل يىغىپ، ئاشكارا داۋراڭ سېلىپ يۈرۈپ، دۈشمەننىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى دۈشمەنگە بىلدۈرۈپ قويۇشتا ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا جاھادقا

ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى. بىزنىڭ ئاللاھ يولىدا قىلغان خىزمىتىمىزنى ئاللاھنىڭ كۆرۈپ تۇرغانلىقىغا ئىشەنسەك كۇپايە. جاھاد ھەرگىزمۇ «پالانچى مۇنداق كاتتا ئىشنى قىلىپتۇ» دىسۇن دەپ قىلىنمايدۇ.

بىز ئۇيغۇرلاردا «سىر كەتتى، جان كەتتى» دەيدىغان بىر گەپ بار. ئاللاھ ئالدىدا ساۋاپ تاپىمەن دەپ گۇناھ قىلساق، ئۇ دۇنيادا دوزاخ ئوتىدا يانىمىز، بۇ دۇنيادا جاھادىمىزنى زىيانغا ئۇچراتقۇچى سۈپىتىدە مۇسۇلمان خەلقىمىز ئالدىدا، تارىخ ئالدىدا لەنەتكەردى بولۇپ قالىمىز خالاس. ھاۋايى ھەۋەس ئۈچۈن ئەمەس، ھەقىقى جاھاد قىلىشنى ئاللاھ ئالدىدا زىممىسىگە ئالغان مۇجاھىدلار ياكى مۇجاھىدلار تەشكىلاتى مۇتلەق ئۆز سىرىنى قاتتىق كونترول ئىچىدە تۇتىشى، دۈشمەننىڭ پىلانى، ھەركىتى ھەققىدە قولىدىن كىلىشچە جاسۇسلۇق، چارلاش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىشى لازىم. ئەگەر ئىشنىڭ دەسلىۋىدە قەدەمنى خاتا ئېلىپ قويسىڭىز، دۈشمەندىن يىگەن زەربە تۇپەيلى ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ ۋە مۇجاھىدلارنىڭ سىزگە بولغان ئىشەنچىسى سۇسلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن غەلبىڭىز مەغلۇبىيەتكە يۈزلىنىدۇ. جەڭنىڭ تۇققىزى رەڭ، بىرسى جەڭ. دەيدىغان گەپ بار. ئەمما ھەقىقى جەڭ ئوت پۈلەيدىغان كۈرەك بىلەن ئەمەس، قورقمايدىغان يۈرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن قىلىندۇ.

15 ـ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋسىيە قىلغىنىغا ئوخشاش، ئېتىش ماھارىتى، مىنىش ماھارىتىنى ياخشى ئۆگىنىش؛

ئېتىش ماھارىتى دېگەندە: مۇش ئېتىش، گىرانىت ئېتىش، مىلتىق ئېتىش، زەمبىرەك ئېتىش، بومبا ئېتىش ... قاتارلىق ئېتىشقا مۇناسىۋەتلىك بارلىق تېخنىكىنى پىششىق ئۆگىنىش ۋە دەل نىشانغا ئاتالايدىغان بولۇشى لازىم. چۈنكى، سىزنىڭ قولىڭىزدا بار قورال دۈشمەننىڭ قولىدىمۇ بار. سىز دۈشمەننى نىشانغا ئېلىپ ئاتالمىسىڭىز دۈشمەن سىزنى نىشانغا ئېلىپ ئاتىدۇ. ئېتىش ماھارىتى جەڭ مەيدانىدا سىزگە ئەڭ ئەسقاتىدىغان تېخنىكا.

مىنىش ماھارىتى ــ مىنىش ئاتقا مىنىشلا ئەمەس، بۈگۈن زامانىۋى جەڭدە قوللىنىدىغان شوپۇرلۇق؛ ماشىنا، تانكا، ئايرپىلان، پاراخوت ... قاتارلىقلارنى ھەيدەش ياكى ئىشلىتىشنى بىلىش دېمەكتۇر. ئەگەر ئىمكانىيىتىڭىز ۋە شجائىتىڭىز بولسا بۇ تېخنىكىلارنى ئۆگىنىش سىز ئۈچۈن ھەرگىز ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ.

16 ـ ئەمىر ۋە قوماندانلارنىڭ جاھاد ۋە تەشكىلاتقا ئالاقىدار مۇھىم قارارلىرى ۋە ئىملارنى شۇ ئىشلارنىڭ مۇتەخەسسىسى بولغان كىشىلەر بىلەن كېڭىشىش مۇھىم بىر سۈننەتتۇر؛

« ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن. (كېڭەشكەندىن

كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. » (ئال ئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەت)

ھەرقانداق بىر مۇھىم ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئىش قىلىشنىڭ پايدىسى ناھايىتى كۆپ. جاھاد ئەلبەتتە بارلىق ئۇممەتنىڭ ئەڭ مەركىزى ئىشى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەر قېتىمقى جاھادنىڭ ئالدىدا ساھابىلارنىڭ پىكىر تەكلىپلىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. بىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇممەتلىرى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇتلەق ئەتراپىمىزدىكى بۇ ئىشلارنى بىز بىلەن بىللە قىلىۋاتقان مۇجاھىدلار بىلەن كېڭەشىشىمىز لازىم. بىزدە « كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ »، « كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولۇر » دەيدىغان ئاتا سۆزلىرى بار. تۆۋەندىكىلەردىن مەسلىھەت سورىسام مېنى سەۋىيەسىزمىكىن دەپ قالارمۇ ياكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئابرويۇم تۆۋەنلەپ كېتەرمۇ، دەپ ئويلاش ئىمانى بولغان مۇجاھىد لىدەرلىرىگە، ئەمىرلىرىگە، قوماندانلىرىغا يارىشىدىغان ئىش ئەمەس. ئاللاھنىڭ كالامىنى ھاكىم قىلىش ئۈچۈن، ئۇممەتنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشقا رازى بولغان لىدەر، ئەمىر، قوماندان مۇجاھىدلىرى تەرىپىدىن تېخىمۇ سۆيۈلىدۇ، ھۆرمەتلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# جاھادتا مۇتلەق ئالدى ئېلىنىشى كېرەك بولغان ھادىسىلەر ۋە چەكلىمىلەر

1 ـ جاھادتىن قېچىش ئۈچۈن يالغان كېسەل ۋە باھانە پەيدا قىلىش ھارام.

« (ئى مۇھەممەد) سەندىن پەقەت ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىشەنمەيدىغانلار ، دىللىرىدا(ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە ۋە سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇمانى بارلار رۇخسەت سورايدۇ. ئۇلار ئۆز گۇمانىدا تېڭىرقاپ يۈرۈيدۇ ». (تەۋبە سۈرىسى 45 ـ ئايەت) جامائەتنىڭ ئەيىپلىشىدىن قورقۇپ جاھادقا كەلگە ياكى جىھاد نى باغ سەيلىسى بىلىپ كىلىپ قېلىپ، جەڭ مەيداانلىرىدىكى مۇشەققەت، قان، ئۆلۈملەرنى كۆرۈپ جاھادتىن ئايرىلىشقا باھانە ئىزدەش ئاللاھنىڭ بىرلىكىدىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن گۇمان قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىشى ئىكەنلىكىنى يۇقۇرقى ئايەتتىن ئېنىق كۆردۇق. بەزىلەر ، باھانىنى كوماندىردىن، قوماندانىدىن ياكى يەيدىغان تاماقتىن، كىيدىغان كىيىمدىن ياكى قولىدىكى قورالدىن ئىزدەيدۇ. جاھادنى تەرك ئېتىشتىكى گۇناھنى باشقىلارغا ئارتىپ قويۇش نىيتى بولىشىمۇ مۇمكىن. بەزىلەر مەن بۇ گورۇپ ياكى بۇ تەشكىلات بىلەن بىللە

جاھاد قىلمايمەن، باشقا يەردىكىلەر بىلەن بىللە بولىمەن دىگەن باھانە بىلەن كىتىشى مۇمكىن. باھانە قايسى بولسا بولسۇن، بۇ باھانىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان نامەردلىك، قورقۇنچاقلىق تۇيغۇسى بار.

جاھادتىن قاچقانلار ياكى رۇخسەتسىز ئايرىلغانلار ئاللاھتىن، پەيغەمبىرىمىزدىن، ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرىگەن ئىنسانلاردۇر. بۇ خىل ئىنسانلار خائىن قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم. چۈنكى، مۇجاھىدلارنىڭ ھەربى ئىنتىزامىنى بۇ خىلدىكى كىشىلەر بوزىدۇ. مۇجاھىدلارنىڭ روھى - كەيپىياتلىرىنىمۇ بۇ خىلدىكى كىشىلەر بوزىدۇ.

2 - جاھادنىڭ ھەر تۈرلۈك تەييارلىقىنى قىلىش جەريانىدا ھورۇنلۇق قىلىش گۇناھتۇر؛

« ئەگەر ئۇلارنىڭ جاھادقا چىقىش نىيىتى بولسا ئەلبەتتە تەييارلىق قىلاتتى. » (تەۋبە سۈرىسى 46 - ئايەت)

جاھاد بىر ئادەمنىڭ، بىر قەۋمنىڭ، بىر مىللەتنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۇ، بارلىق ئۈممەتنىڭ ئەڭ مۇبارەك خىزمىتى. ئىستىلا قىلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەتىنىنى، زولۇم كۆرۈۋاتقان مۇسۇلمانلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا جىددى ۋە ئەستايىدىل تەييارلىق قىلىش بىزگە ۋاجىپتۇر. جاھاد خىزمىتىنى نورمال ئىشقا ئوخشاش قاراپ سۇسلۇق ياكى ھورۇنلۇق قىلىش ئاللاھ ئالدىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



گۇناھ، خەلقىمىز ئالدىدىمۇ ئەيىپ. چۈنكى جاھادنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى جاھاد غالىبىيىتىنىڭ كاپالىتى.

3 ـ جامائەت ۋە تەشكىلات ئىچىدە پىتنە ـ تارقىتىپ، باش سۇقاشتۇرۇپ كەيپىياتىنى بوزۇش نىيىتىدە سۆز ـ ھەركەتلەرنى قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

« ئەينى ۋاقىتتا مۇناپىقلار ۋە دىللىرىدا (مۇناپىقلىق) كېسىلى بارلار: « ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىزگە قۇرۇق ۋەدىلەرنى قىلىپتىكەن، دېيىشەتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىر گورۇھ ئادەم « ئى يەسرىبلىكلەر! بۇيەردە تۇرماي قايتىڭلار! » دېيىشەتتى. ئۇلاردىن يەنە بىر گورۇھ ئادەم: « بىزنىڭ ئۆيلىرىمىز ھەقىقەتەن ئوچۇقچىلىقتا » دېيىشىپ، پەيغەمبەردىن رۇخسەت سورىشاتتى. بۇلارنىڭ ئۆيلىرى ئوچۇقچىلىقتا ئەمەس، ئۇلار پەقەت قېچىشنىلا ئويلايدۇ. ئەگەر شەھەرگە تۆت تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ كىرىلسە، ئاندىن ئۇلاردىن ئىماندىن قايتىش، مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇلار بۇ تەلەپنى ئۆزلۈكسىز رەۋىشتە ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا قوبۇل قىلاتتى. ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئىلگىرى ئاللاھقا (جەڭدە چېكىنمەسلىككە) ۋەدە بەرگەن ئىدى. ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسى سورىلىدۇ. » (ئەھزاب سۈرىسى 12 ـ 15 ـ ئايەتلەر)

جاھاد جامائىتى، جاھاد تەشكىلاتى ۋە مۇجاھىدلار

ئارىسىدا پىتنە تارقىتىش، باش سۇقاشتۇرۇش، جاھاد ئىشتىراكچىلىرىنىڭ كەيپىياتىنى چۈشۈرىدىغان گەپلەرنى تارقىتىش ئاللاھ ئالدىدا بۈيۈك گۇناھتۇر. ئۇنىڭ ھېسابى ئاخىرەتتە سورىلىدۇ. بۇ دۇنيادا بولسا ھەر تەشكىلاتنىڭ، مۇجاھىدلارنىڭ، جامائەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا زىيان ئېلىپ كېلىدۇ ـ دە، بۇ زىيان ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىنى زەھەرلەيدۇ، ھەتتا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن جاھاد يولىدا كىتىۋاتقان سەپنى بۇزۇش ئۈچۈن كىمكى پىتنە تارقاتسا، كىمكى بۇزغۇنچى ھەركەتتە بولسا، ئۇ مۇناپىقتۇر. ئۇنداق سۆز ـ ھەركەتلەرنى قەتئىي چەكلەش، ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىش لازىم. زەھەرلىك ئوت ـ چۆپنى يىلتىزىدىن قازمىسا ئۇ يەنە كۆكلىگىنىگە ئوخشاش، سېپىمىز ئىچىگە كىرىۋالغان ئىككى يۈزلىمە، مەنپەت ئۈچۈن ھەرقانداق يامان ئىش قولىدىن كىلىدىغان مۇناپىقلار بولۇپ قالسا، ئاللاھ يولىدا ئۇنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش جاھاد يولىدىكى ئۇلۇغ ساۋاپلارنىڭ بىرىسدۇر.

4 ـ جاھادقا خەتىرى ۋە جاپاسى ئاز، مەنپەتى ۋە غەنىمىتى كۆپ ۋە نەق بولغان ئاسان خىزمەتلەرگە يۈگرەپ، قىيىن ۋە خەتەرلىك، مېۋىسى ئۇزاقتا كۆرۈلىدىغان خىزمەتلەردىن قېچىش ھارامدۇر ۋە مەنئىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ ھەقتە كۆپ ئايەت ۋە ھەدىسلەر بار. جاھادنىڭ ئىبادەتلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەت بولىشى، ئۇنىڭ خەتىرى ۋە جاپاسىدۇر. ئەگەر بۇنداق خەتەر ۋە جاپادىن قېچىپ، مەنپەتى ۋە غەنىمىتى بار ئىشلارغا يۈگرەش ھەقىقى مۆمىنگە، ھەقىقى مۇجاھىدقا خاس ئەخلاق ئەمەس. ئادەملەرنىڭ كۆپ سۆزە، ئايەت بىلىشى، گەپدان بولىشى ۋە ياكى بىلىملىك بولىشى جاھاد ئەخلاقىنى كۆرسۈتىدىغان ئەخلاق ئۆلچىمى ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىدۇ. « مەرت مەيداندا سىنىلىدۇ. » دېگەندەك ھەقىقى مۇجاھىد جاھاد مەيدانىدا سىنىلىدۇ. بىزنىڭ سېپىمىزگە ئۆزلىكىدىن قوشۇلغان ھەربىر مۇجاھىد مۇتلەق ئەمىرنىڭ بۇيرىقىغا بويسۇنىشى لازىم. ھەقىقى مۇسۇلمان، ھەقىقى مۇجاھىد ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشتىن ئۇزاق تۇرىدۇ. جاھادتا خەتەرلىك، جاپالىق ۋەزىپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ ۋە ئەمىلىيتى بىلەن باشقىلارغا ئۈلگە بولىدۇ.

5 ـ پۇل ـ مال، ھوقۇق، مەنپەئەت قولۇمدىن كېتىپ قالارمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن جاھاد ۋە جامائەتنى تەرك ئېتىش ياكى قولىقىنى يۇپۇرۇپ تۇرىۋېلىش ھارامدۇر.

6 ـ داۋاملىق ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىپ تۇرىۋاتقان زالىم ۋە مۇناپىقلارنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇلارنىڭ باتىل ھەركەت ۋە زۇلۇملىرىغا سۈكۈت

قىلىپ تۇرۇش ھارامدۇر.

7 ـ جاھاد ئارمىيىسى (جامائەت ۋە تەشكىلات) ئىچىدە زىددىيەتلىشىش، رەنجىش، رەنجىتىش مەنئى ۋە ھارامدۇر.

8 ـ جاھاد يولىدا بېرىلگەن ھوقۇق ۋەزىپىنى ئۆز پايدىسىغا قوللىنىش خىيانەتتۇر.

9 ـ جاھادتىن، پىرونتتىن قېچىش ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر.

10 ـ جاھاد ئەمرى ۋە قوماندانلار بىلەن ئورۇنسىز تالاش ـ تارتىش قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ.

11 ـ جاھاد جەريانىدا جاپادىن، ھېرىپ، چارچاشتىن يېڭىلىشتىن ئۈمۈتسىزلىككە چۈشۈش مەكرۇھتۇر.

12 ـ باتىلدىن ھىدايەت يولىغا كىرىپ سېپىمىزگە قوشۇلغانلارغا، ئۇلارنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرى تۈپەيلى كۆرەلمەسلىك، غەنىمەت ۋە بەزى مەنپەئەتلەرنى ئۇلاردىن قىزغىنىش ۋە بۇ خىل نەپسانى تۈيغۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى خاتاسىنى تىلغا ئېلىپ ئۇلارنى ئەيىپلەش گۇناھتۇر ۋە مەنئىدۇر.

13 ـ نام ـ ئابرۇي ۋە مەنپەئەت ئۈچۈن ئۇرۇشقا قېتىلىش باتىلدۇر.

14 ـ جامائەتنىڭ ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلىدىغان، كەيپىياتنى بۇزۇدىغان زىيانلىق خەۋەرلەرنى تارقىتىش، بۇ خىل خەۋەرلەرنى جاھاد مەركىزىنىڭ خەۋىرىسىز ،

گېزىت، رادىئو، تېلېۋىزورلاردا ئېلان قىلىش مەنئىدۇر.

15 - مۇسۇلمانلار مۇجاھىدلار ھەققىدە چىققان، پىتنە - ئىغۋا ۋە يالغان خەۋەرلەرگە ئىشىنىش گۇناھتۇر.

16 - ئوتتۇرىمىزدا تىنچلىق كېلىشىمى بار بولغان دۆلەتلەرگە ھۇجۇم قىلىش مەنئىدۇر.

17 - زالىملارنىڭ زۇلمىغا ئارلاشمىغان بىگۇناھ (دىنسىز) خەلققە چېقىلىش مەنئىدۇر.

جاھاد داۋامىدا يۇقىرقى جاھاد پەرىزلىرىنى، ۋاجىپلىرىنى، سۈننەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا قۇرئان مىزانىنى ئۈستۈن قىلالايمىز. ئىسلامنىڭ ئادالەت دىنى ئىكەنلىكىنى ئۆز پەزىلەتلىرىمىز ئارقىلىق دۇنياغا توغرا چۈشەندۈرەلەيمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ قىلغان خاتالىقلىرىدىن پايدىلانغان دىن دۈشمەنلىرىگە ئىسلام دىنىنى قارلاشقا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەسلىكىمىز لازىم. سۈپۈن كىرلەنگەن كىيملەرنى تازلىغىنىغا ئوخشاش، جاھادتا ئاققان قانلار، كىرلەنگەن قەلپلەرنى، كىرلەنگەن ئەخلاقنى، كىرلەنگەن روھلارنى تازىلايدۇ. قانىسىز بەدەلسىز كەلگەن مۇستەقىللىقنىڭ، ئازاتلىقنىڭ قىممىتى يۈرەكلەرنىڭ قان - قېتىغا يەرلەشمەيدۇ. بىز شەرقىي تۈركىستاننى ۋە ئەركىنلىكىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ختاي ھاكىميەت كۈچلىرى بىلەن جاھاد قىلىپ، ۋەتەن ۋە ئەركىنلىكنىڭ

شەرىپىگە ئۇلۇپ تۇرۇپ، ئۇلتۇرۇپ تۇرۇپ، دۈشمەنلىرىمىزدىن قان ـ قىساسىمىزنى ئېلىپ تۇرۇپ، كىرلەنگەن ۋەتەن زېمىنىنى قان بىلەن يۇيۇپ تازىلاپ تۇرۇپ، ئېتىقادىمىزغا ۋەتىنىمىزگە سادىق ئىكەنلىكىمىزنى ئاللاھ تائالاغا ۋە پۈتۈن دۇنياغا ئىسپاتلاپ تۇرۇپ ئالىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# خاتىمە

مۆھتەرەم ۋە ئەزىز شەرقىي تۈركىستانلىقلار! ئاللاھ تائالانىڭ بىزگە ئېھتىياجى يوق، بىزنىڭ ئاللاھ تائالاغا ئېھتىياجىمىز بار. قۇرئان كەرىمنىڭ بىزگە ئېھتىياجى يوق، بىزنىڭ قۇرئان كەرىمگە ئېھتىياجىمىز بار. جاھادنىڭ بىزگە ئېھتىياجى يوق، بىزنىڭ جاھادقا ئېھتىياجىمىز بار. ۋەتەننىڭ بىزگە ئېھتىياجى يوق، بىزنىڭ ۋەتەنگە ئېھتىياجىمىز بار. توغرا يول، جىھاد ۋە ۋەتەن، شەھىد كەتكەن بارلىق ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، كېلىچەك ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ بەخت، سائادىتىنى ۋە ئەبەدى داۋام قىلالايدىغان مىللى مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاش ئۈچۈن كاپالەتنامىمىزدۇر. جاھادسىز، توغرا يول، ۋەتەن قولغا كەلمەيدۇ. بۇ ئىككى ئامىل قولىمىزدا بولمىسا، بىزنىڭ بۇ دۇنيادا نە ئادەملىكىمىزنىڭ، نە قۇرت، قوڭغۇزلىقىمىزنىڭ پەرقى بولمايدۇ. بۇگۈن دۈشمەن ئالدىدا قۇرت، قوڭغۇزدىن پەرقىمىز بولمىغانلىقى تۈپەيلى، ئىنسان ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئىنسانغا ئوخشاش ياشاش ئۈچۈن بۇ جاھادقا ئاتلىنىۋاتىمىز.

بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم قىلمىغان بىر

مۇسۇلمان؛ بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھتىن ياردەمگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئەي، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەزىز يارىتىلىپ، كاپىرلار تەرىپىدىن خار قىلىنغان ئىنسانلار! قوزغۇلۇڭلار، قولۇڭلارغا قورال ئېلىڭلار، قورال ئالغانلارغا ياردەم قىلىڭلار! پات ـ ئارىدا قۇرۇلغۇسى بىر مىللەت، باشقا مىللەتكە زۇلۇم قىلمايدىغان بىر ئىنسان، باشقا بىر ئىنساننى بوزەك قىلمايدىغان، ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان، مۇستەقىل، ئەركىن، ئازات شەرقىي تۈركىستانىڭلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىڭلار!

1997 ـ يىل

*ABDULCELİL TURAN*
Yenidoğan Mh. 41 Sk. No.7/4
Zeytinburnu - İSTANBUL
Tel. / Fax: 0212.679 03 70